XINJIANGDAXUEXUEBAO

ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

1996

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال

1996 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئومۇمىي 66 ـ سان)

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى

باش مۇھەررىر: ئەكبەر ھۈسەيىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قەييۇم قۇربان
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.


# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال


## بۇ ساندا


ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى توغرىسىدا ...... گۇخۋاشياڭ (ئەكبەر ھۇسەيىن تەرجىمىسى) 1

ئېلىمىزنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى توغرىسىدا ...... ئوسمان مۇھەممەد 21

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ...... تۇرغۇن توختىھاجى 26

كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى رولى توغرىسىدا ...... ئابلەت مۇھەممەتنىياز 33

دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ...... ئەخمەت مامۇت 36

ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل ...... ھىمىت مەخسۇت 42

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ...... غەيرەتجان ئوسمان 46

ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «مەنتىقۇت تەير» توغرىسىدا ...... ئابلىمىت ئەھەت 57

تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىز - خاتىرىلىرى توغرىسىدا ...... شېرىن قۇربان 62

«بۇگۇر» دېگەن نامنىڭ ئېتىنك مەنبەسى ھەققىدە مۇھاكىمە ...... يۇنۇسجان ئېلى 76

تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا ...... ئەركىن ئەرشىدىن 85

مەشرەپنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ...... ھۇرمەتجان ئابدۇراھمان 92

پەرغانە خانلىقى توغرىسىدا ...... چىمەن نەجمىدىن 99

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان ۋاقتى توغرىسىدا مۇھاكىمە ...... ئەنەيتۇللا قۇربان 106

ئىما ، ئىشارەت تىلىنىڭ ئالاقىلىشىشتىكى رولى توغرىسىدا ...... ئايشەم ئابدۇللا 109

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش شەرتلىرى توغرىسىدا ...... يارى ئەبەيدۇللا 113

نەشرىياتچىلىقتىكى «ئىككى ئۇنۇم» نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ...... تۇرسۇن ئابدۇللا 118

ئىنگلىز تىلىدىكى Would نىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىنىشى ...... ئابدۇرېشىت ياقۇپ، ئۆمەرجان قۇربان 125

ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىدىكى ئورنى توغرىسىدا ...... گۈلزەپەر مۇھەممەد 130

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتى توغرىسىدا ...... دىلبەر ناسىر 134

ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخى ئوقۇتۇشىدىكى رولى ھەققىدە ...... مەريەم توختى 138

دۇنيادىكى مىللەتلەر ...... ئۆمەر موللا 141

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）

1996 年第 2 期
（总第 66 期）

# 目 录

试论我国民族区域自治地区的商行为 …………………………… 顾华祥 （艾克拜尔·侯赛因译）
论我国在共产党领导下的多党合作制 ……………………………………………… 乌斯曼·穆罕默德
应该把高等学校的德育放在重要位置并加以落实 ……………………………… 吐尔洪·托合提阿吉
论共产主义道德在政治思想工作中的作用 ………………………… 阿布来提·穆罕默德·尼亚孜
我国的国际刑事司法合作制度存在的一些问题 ……………………………………… 艾合麦提·马木提
《福乐智慧》中"贤明"形象简析 ……………………………………………………… 伊米提·麦合苏提
论新疆古代文化的渊源及其形成 ……………………………………………………… 海热提江·乌斯曼
论伊布拉音·宾尼·玉素甫和田尼及其作品《鸟语》 ………………………… 阿布里米提·艾海提
历史上涉足塔什库尔干的探险者及其记载 ………………………………………………… 西仁·库尔班
论"轮台"一词的起源 ……………………………………………………………………… 优努斯江·艾里
谈谈吐鲁番学及其形成 ……………………………………………………………………… 艾尔肯·艾尔西丁
论麦希来甫思想简论 …………………………………………………………… 乌尔麦提江·阿布都热合满
论大宛国 ……………………………………………………………………………………… 琪曼·乃吉米丁
试论阿布都哈力克·维吾尔开始创作的时间 ………………………………………… 艾乃图拉·库尔班
论态势语在语言交际中的作用 ……………………………………………………… 阿依夏木·阿布都拉
论维吾尔语中辅音弱化的条件 …………………………………………………………… 亚热·艾拜都拉
论出版工作中"两个效益"的关系 ……………………………………………………… 吐尔逊·阿布都拉
谈英语词 would 的用法及其在维吾尔语中的表达 ………………………………………………
………………………………………………………… 阿布都热西提·亚库甫，吾麦尔江·库尔班
论家庭教育在学校教育中的作用 ……………………………………………………… 古丽则帕尔·穆罕默德
论高校的班主任工作 ……………………………………………………………………… 迪丽拜尔·纳斯尔
论神话传说在古代世界史教学中的作用 ……………………………………………… 玛丽亚木·托合提
世界的民族 …………………………………………………………………………………… 乌买尔·毛拉

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1996 - يىللىق 2 - سان

# ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى توغرىسىدا

گۇ خۇاشياڭ

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، سودا ھەرىكىتى ئىستىمالچىلار، مۇلازىمەت قىلغۇچىلار ۋە سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار (بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار سودا ئىشلىرىدىكى تەبىئىي شەخسلەر بىلەن قانۇنىي ئىگىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قاتارلىقلارنىڭ مەنپەئىتىگە، بازاردىكى نورمال سودا تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقى، ئەركىنلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش - ھەمكارلىشىش؛ راستچىللىق، لەۋزىدە تۇرۇش، باراۋەرلىك، ئادىللىقا، پۇتكۇل دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر سودا ھەرىكىتى (بۇ يەردىكى سودا ھەرىكىتى سودا ئىشلىرىدىكى تەبىئىي شەخسلەرنىڭ سودا ھەرىكىتى بىلەن قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ سودا ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نى قانۇن يولى بىلەن قائىدىگە سېلىپ، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ۋە ئىستىمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىمىغاندا، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئىستىمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدۇ. ھازىر، بازار ئىگىلىكىدە كۆرۈلۈۋاتقان ۋە قانۇن قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىرمۇنچە سودا ھەرىكەتلىرى دىققىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

سودا ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن، قەدىمكى رىم دەۋرىدە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، قائىدىلىك سودا ھەرىكىتى مەيدانغا كەلگەن. ئېلىمىزدە سودا ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن. ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، ئىشىكنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، سودا قانۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارماقتا، شۇنىڭ بىلەن، سودا قانۇنىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، سودا قانۇنى مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش، توختىتىش ۋە بىكار قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ھەرىكىتىدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر مەيدانغا كەلدى. ھالبۇكى، نۆۋەتتە، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ «سودا ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقاتى تېخىچە يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، قانۇن قائىدىلىرىنى ئەمەلگە قويۇش ۋە سودا ھەرىكىتىنى قوغداش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر بىرقەدەر كۆپ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلاردىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئۇقۇمىغا قانداق تەبىر بېرىش، ئۇنى قانداق قائىدىگە سېلىش ۋە قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ھازىرغىچە تېخى سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق، شۇ سەۋەبتىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي

ئەدىبقلاش جەھەتتە قەيت قىلىش، قائىدىگە سېلىش ۋە قوغداش ئىشى بىرقەدەر مۇجمەل ۋە قالايمىقان بولۇۋاتىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى نېمە ئۈچۈن ئايرىم تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟ ئېلىمىز — كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، «ئاساسىي قانۇن» دا مىللىي رايونلاردا ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بەلگىلەنگەن. ھازىر مەملىكىتىمىزدە بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 124 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) بار، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكىتىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمىي ئاھالىسى 150 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 70 مىليونغا يېتىدۇ. سودا ھەرىكىتىنى قەيت قىلىش، قائىدىگە سېلىش ۋە قوغداش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇزاق تارىخقا، مەدەنىيەتكە، دىنىي ئېتىقادقا ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئىگە، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار سودىسى قىلىش ھەرىكىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى جايلاردىن مەدەنىيەت، تارىخ، دىن، مىللىي روھىي ھالەت جەھەتتە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، سەۋىيىسى، سۈرئىتى، قىيىنلىق دەرىجىسى جەھەتتە، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋەزىپىسىنىڭ سالمىقى، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسى، مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى، ئاھالىنىڭ ساپاسى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە پەرقلىنىدۇ؛ مائارىپ، پەن - تېخنىكا، قاتناش، خەۋەر - ئالاقە سەۋىيىسى ۋە شارائىتى جەھەتتە، ئىقتىسادىي ئاساس جەھەتتە، قانۇن ئېڭى جەھەتتە، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» جاكارلانغان ۋە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى جايلار بىلەن بولغان پەرقى قانۇن تۈرغۇزۇش نۇقتىسى جەھەتتە يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئىشنىڭ ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئىگىلىكى راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان چەت - ياقا جايلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى سەۋىيىسى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارنىڭكىدىن يەنىلا 20 — 30 يىل ئارقىدا تۇرىدۇ. خەتەرلىكى شۇكى، بۇنداق پەرق يەنىلا ئېشىپ بارماقتا، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بىرىنچىدىن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىش، ھاللىق سەۋىيىگە ئورتاق يېتىش قەدىمى ئاستىلايدۇ، چەت - ياقا جايلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ئىككىنچىدىن، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا، چېگرالارنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مىللىي زىددىيەتلەرنى ۋە مىللىي نىزالارنى پەسەيتىشكە پايدىسىز بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، چېگرالارنىڭ بىخەتەرلىكى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى جايلار ئىگىلىكىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتىنى ئايرىم تەتقىق قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر، يەنە كېلىپ بۇنداق تەتقىقات ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، مىللىي سودا قانۇنى



www.uyghurkitap.com

نۇقتىئىنەزەرى ئاساس قىلىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشقا دائىر قانۇن قائىدىلىرى ۋە ئۇنى قوغداش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى

### (1) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئۇقۇمى

سودا ھەرىكىتى سودا قانۇنى ھەرىكىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي مەنىدىلا ئېيتىلغان سۆز. ھازىر بەزى دۆلەتلەر بۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەبىر بېرىۋاتىدۇ: «ئومۇمەن سودىگەرلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى سودا ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ.» بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ئىخچام بولسىمۇ، چۈشەنمەك ئاسان تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا سودىگەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئادەم سۈپىتىدە ئېلىپ بارغان، سودا قانۇنى ھەرىكىتىگە ياتمايدىغان ھەرىكەتلىرى، مەسىلەن، تەلىم - تەربىيە قوبۇل قىلىش ھەرىكىتى، جامائەت پاراۋانلىقىغا قاتنىشىش ھەرىكىتى، قانۇندا بەلگىلەنگەن سايلاش ۋە سايلىنىشقا قاتنىشىش ھەرىكىتى قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك سودا ئىشلىرىدىن باشقا بارلىق ھەرىكەتلىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ ھەرىكەتلەر ئىچىدىن سودا ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىيەلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇمىغا تەبىر بېرەلەيدىغان، بولۇپمۇ مۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ قايسىلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتىگە ياتىدىغانلىقى، قايسىلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتىگە ياتمايدىغانلىقىنى ئايرىۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداق تەبىر ئۇقۇم دائىرىسىنى تولىمۇ كېڭەيتىۋېتىدۇ. مېنىڭچە،

ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەرىكەت بولىدۇ، ھەرىكەت سودا پائالىيىتى ۋە قانۇن قائىدىلىرى بىلەن بىرلەشكەندىلا، ئاندىن سودا قانۇنى ھەرىكىتى ھاسىل بولىدۇ. بىز سودىگەرلەرنىڭ ھەرقانداق ھەرىكىتىنى قانۇن ھەرىكىتى دېسەك بولمايدۇ، جەمئىيەت ئەزاسى بولغان سودىگەرلەرنىڭمۇ نۇرغۇن ئالاقىسى بولىدۇ. مېنىڭچە، سودا ھەرىكىتى ئۇقۇمىغا توغرا تەبىر بېرىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇھىم ئامىلنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك:

1. سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ ھوقۇقى، ئىقتىدارى، سالاھىيىتى ئەڭ ئاساسىي ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. سودا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەبىئىي شەخس سودا ھەرىكىتى ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە پۇقرا بولغان بولۇشى، ئۇ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۆز نامىدا مۇستەقىل ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى، سودا ھەرىكىتى ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان ۋە سودا ھەرىكىتىگە ئالاقىدار مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلالايدىغان ئىقتىدار ۋە سالاھىيەتكە ئىگە بولغان بولۇشى شەرت. سودا ھەرىكىتى ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ شەرتنى ھازىرلاش شەرت: بىرىنچىدىن، سودا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇدەك ھوقۇق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇش، يەنى مەلۇم ياشقا يەتكەن بولۇش. «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 11 - ماددىسىدا: 18 ياشتىن ئاشقان پۇقرالار ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا تولۇق ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر، دەپ بەلگىلەنگەن، بۇنىسى ئاساسىي شەرت؛ ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتتە سودا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇدەك ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇش. بۇنىسى فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى ئۆلچەم؛ ئۈچىنچىدىن، سودا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بولۇش. بۇنداق سالاھىيەت سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تىزىمغا

www.uyghurkitap.com

ئالغاندىن كېيىن بېرىدىغان سالاھىيەتتۇر. «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 26 ـ ماددىسىدا: «قانۇن يول قويغان دائىرە ئىچىدە قانۇن بويىچە تەستىقلىتىپ تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، سودا ـ سانائەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان پۇقرالار يەككە سودا ـ سانائەتچى ھېسابلىنىدۇ. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئۆز دۇكىنىغا ئىسىم قويسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 33 ـ ماددىسىدا: «شەخسلەر شېرىكچىلىكى ئۆزىگە ئىسىم قويۇپ، قانۇن بويىچە تەستىقلىتىپ تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، تەستىقلىتىپ تىزىمغا ئالدۇرغان تىجارەت دائىرىسى ئىچىدە تىجارەت قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. سودا ھەرىكىتى ئىقتىدارى بىلەن سودا ھوقۇقى ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنىڭ ياش چېكى ئوخشاش بولىدۇ. بۇ، ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقى ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ۋاقتى تۇغۇلغان ۋاقتىدىن ئېتىبارەن باشلىنىدۇ، ئەمما ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ۋاقتى مەلۇم ياشقا توشقاندىن كېيىن باشلىنىدۇ دېگەن بەلگىلىمە بىلەن ئوخشاش ئەمەس. سودا ھەرىكىتى سالاھىيىتىگە ئۈچىنچى شەخس ۋەكالەتلىك قىلسا بولمايدۇ. بۇ ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى ھەق تەلەپ قانۇنى ھەرىكىتىگە قانۇن بويىچە باشقىلار ۋەكالەتلىك قىلسا بولىدۇ دېگەن بەلگىلىمە بىلەنمۇ ئوخشاش ئەمەس («ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 63 ـ ماددىسىغا قارالسۇن). كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرى مەسئۇل ئورگان ئارقىلىق قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان ۋە مەلۇم تەشكىلىي نىزامنامە، تەشكىلىي ئاپپارات، ئورۇن، مال ـ مۈلۈك، مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، ئاندىن سودا ھوقۇق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ («ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 41 ـ ماددىسىغا قارالسۇن).

2. سودا ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. ھەق تەلەپ سودا قانۇنى پاكىتلىرى سودا ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. سودا قانۇنىنىڭ سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدا قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە يوقىلىشى ئەڭ ئومۇملاشقان سودا قانۇنى پاكىتىدۇر. سودا ھەرىكىتى سودىگەرلەر مەقسەتلىك ئېلىپ بارىدىغان سودا پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ، سودا ھەرىكىتى سودا قانۇنى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى ھوقۇق، مەجبۇرىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى ياكى سودا ئىشلىرىدىكى ھوقۇق، مەجبۇرىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەت. ھەرىكەت ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ھەرىكىتى بۇلاردىن باشقا يەنە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك ھەرىكەتنى ئورۇنداشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودا ھەرىكىتى ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ: (1) شەكىل جەھەتتىن ئاكتىپ ھەرىكەت ۋە پاسسىپ ھەرىكەت دەپ ئايرىلىدۇ. ئاكتىپ ھەرىكەت ئاكتىپ سودا ھەرىكىتى بولۇپ، سودىگەرلەر ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلىشنى خالايدۇ. پاسسىپ ھەرىكەت پاسسىپ سودا ھەرىكىتى بولۇپ، سودىگەرلەر ئۇنى قىلىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ ياكى ئۇنى قىلىشنى خالىمايدۇ. مەسىلەن، سودىگەرلەر زىيان تارتىدىغان ياكى پايدىسى ئاز تىجارەتنى قىلىشنى خالىمايدۇ. (2) سودا ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ كۆزلىگەن قانۇنىي مەقسىتىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا قاراپ، قانۇنىي ھەرىكەت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. قانۇنىي ھەرىكەتكە تەۋە سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا مەلۇم مەقسەتنى كۆزلىگەن بولىدۇ ۋە كۆزلىگەن مەلۇم قانۇنىي

نەتىجىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمەلىي ھەرىكەتكە تەۋە سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئۇمۇمەن كۆزلىگەن مەقسىتى بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سودا ھەرىكىتى يەنىلا مەلۇم قانۇنىي نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. (3) سودا ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ قانۇن قائىدىسىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە قاراپ، يەنە قانۇنلۇق ھەرىكەت ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. قانۇنلۇق سودا ھەرىكىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، ئۇنداق سودا ھەرىكىتى قانۇن بويىچە چەكلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىلىدۇ.

3. سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش كېرەك: رىقابەت بازار ئىگىلىكىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلاردىن ئوخشاش كەسپتىكىلەر ياكى ئوخشاش بولمىغان كەسپتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتى پائالىيىتىدە ۋە بازار سودىسىغا قاتنىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە مۇرەككەپ - چىگىش بولغان سودا قانۇنىي مۇناسىۋەتلىرىدە ياخشى تەرتىپلىك بولغان سودا قانۇنىي مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلايمىز دەيدىكەن، ئۇلار قانۇننىڭ تەڭشىشىدە بولۇشى كېرەك. دېمەك، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ سودا قانۇنىي ھەرىكىتى ئۇقۇم جەھەتتە ئىختىيارلىق، باراۋەرلىك، ئادىللىق، راستچىللىق، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، ياخشى ئىجتىمائىي ئادەتكە، جامائەتچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلغان سودا ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى زۆرۈر. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرقانچە مۇھىم ئامىل سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ سودا قانۇنىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنلۇق ئەمەسلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەمدۇر.

يۇقىرىدىكى تەھلىلگە ئاساسەن، بىز سودا ھەرىكىتى ئۇقۇمىغا: «سودا ھەرىكىتى — تولۇق ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكەت ئىقتىدارىغا، ھوقۇقىغا ۋە ئۇنۇملۇك سودا ھەرىكىتى سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر (جۈملىدىن تەبىئىي شەخسلەر ۋە قانۇنىي ئىگىلەر)نىڭ بازار سودىسىنى قوغدايدىغان، ھەق تەلەپ سودا قانۇنلىرىنىڭ قائىدىلەشتۈرۈشى ۋە تىزگىنلىشى ئارقىسىدا، سودا پائالىيىتى جەريانىدا، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش، يەڭگۈشلەشنى ئىنكار قىلىدىغان بىر خىل كونكرېت، ئېنىق سودا قانۇنىي ھەرىكىتىدۇر» دېگەن تەبىرنى بېرىمىز. بۇ تەبىر سودا ھەرىكىتىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ:

1. بۇ تەبىر سودا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى مۇستەقىل ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان ۋە ئۆز ئالدىغا ياكى تەشكىلىي ئاپپاراتى بولغان ھالدا سودا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قانۇنلۇق سالاھىيىتىگە ئىگە تەبىئىي شەخسلەر ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ دائىرىسى بىلەنلا چەكلەپ، باشقا تەبىئىي شەخسلەر ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەتكە قاقىدۇ.

2. بۇ تەبىر قانۇن بويىچە تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاكتىپ ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ پاسسىپ ھەرىكىتىنى چەتكە قاقىدۇ. قانۇنغا خىلاپ بولغان سودا قانۇنىي ھەرىكىتى زەربە بېرىلىدىغان ۋە بىكار قىلىنىدىغان كاتېگورىيىدىكى ھەرىكەتتۇر.

3. بۇ تەبىر سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ پەقەت سودا قانۇنىي ھەرىكىتىنىلا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، باشقا ھەرىكەتلەرنى چەتكە قاقىدۇ.

4. بۇ تەبىردە سودا ھەرىكىتى ئەمەلگە

www.uyghurkitap.com

قويۇلغاندىن كېيىن، ساتقۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەت نەتىجىسىنىڭ ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئالمىشىش ۋە ئۆزگىرىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، زامان ھالىتى ئورۇندىلىپ بولغاندىن باشقا بارلىق سودا ھەرىكىتىنى چەتكە قاقىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت نۇقتىنى يىغىنچاقلىغاندا، بۇ تەبىر «سودا ھەرىكىتى» ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىنى سودا ھەرىكىتىنىڭ ھوقۇق ئىقتىدارى، سالاھىيىتى، ھەرىكەت تەرتىپى ۋە ھەرىكەت نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىك ۋە خاراكتېر قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن چەكلەيدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرىدىكى تۆت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە كونكرېت ھەرىكەت جەريانىدا، «ئاساسىي قانۇن» نىڭ ئۈچىنچى باب 5 ـ، 6 ـ پاراگرافلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ھەم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ئاپپاراتلىرى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملىرىغا، شۇنىڭدەك ياخشى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە، مىللىي ئىجتىمائىي ئەخلاق، مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئادەتلەرگە رىئايە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم؛ قىسقىسى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى «سودا ھەرىكىتى» نىڭ تۆت ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغاندىن تاشقىرى، يەنە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، ياخشى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مىللىي ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكنىمۇ ھازىرلىشى كېرەك. يۇقىرىدىكى تەھلىلگە ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى ئۇقۇمىغا مۇنداق تەبىر بېرىش مۇمكىن: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى تولۇق ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكەتنى ئىقتىدارىغا، ھوقۇققا ۋە ئۈنۈملۈك سودا ھەرىكىتى سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر (جۈملىدىن تەبىئىي شەخسلەر ۋە قانۇنىي ئىگىلەر) نىڭ بازار سودىسىنى قوغدايدىغان ھەق تەلەپ سودا قانۇنىنىڭ قائىدىلەشتۈرۈشى ۋە تىزگىنلەپ تۇرۇشى ئارقىسىدا، سودا پائالىيىتى جەريانىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ياخشى ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش شەرتى ئاستىدا، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش، يەككۈشلەشنى ئىنكاس شەكلى قىلىدىغان بىر خىل كونكرېت، ئېنىق سودا قانۇنى ھەرىكىتىدۇر». بۇ تەبىر «سودا ھەرىكىتى» نىڭ تۆت خۇسۇسىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىنىدىغان ۋە قانۇن بويىچە بەلگىلەنگەن ئېنىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولغان 5 - ئالاھىدىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### (2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ تۈرلىرى

سودا ھەرىكىتىنى شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1. بىر تەرەپنىڭ سودا ھەرىكىتى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ سودا ھەرىكىتى. بىر تەرەپنىڭ سودا ھەرىكىتى دېگەندە بىر تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر ياكى سودا ئىشلىرىدىكى تەبىئىي شەخسلەر ئىكەنلىكى، يەنە بىر تەرەپنىڭ سودىگەر ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق سودا ھەرىكىتى بىر تەرەپنىڭ

سودا ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ سودا ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر ياكى سودا ئىشلىرىدىكى تەبىئىي شەخسلەر بولۇپ، سودىگەرلەر سودىگەرلەر بىلەن، سودا ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر سودا ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر بىلەن، سودا ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر تەبىئىي شەخسلەر بىلەن ئالاقىدە بولىدىغان سودا ھەرىكىتى ئىككى تەرەپنىڭ سودا ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سودا ھەرىكىتىنى پەرقلەندۈرۈش قانۇننى توغرا تەتبىق قىلىشقا پايدىلىق. مەسىلەن، تەبىئىي شەخسلەرگە سودا قانۇنلىرىنى تەتبىق قىلىشقا بولمايدۇ، سودا قانۇنلىرىنى سودا ئىشلىرىدىكى تەبىئىي شەخسلەر بىلەن سودا ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرگىلا تەتبىق قىلىشقا بولىدۇ.

2. مۇتلەق سودا ھەرىكىتى، تىجارەت خاراكتېرىدىكى سودا ھەرىكىتى ۋە قوشۇمچە سودا ھەرىكىتى. قانۇندا بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ سودا ھەرىكىتى دەپ بەلگىلىنىشى مۇتلەق سودا ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانۇندا سودا ھەرىكىتى دەپ بەلگىلەنگەن ھەرىكەتلەر كىمنىڭ ھەرىكىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سودا ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ سودا قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: (1) ئۆتۈنۈپ بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن پايدىغا ئېرىشىش ۋە كۆچمە مۈلۈك، كۆچمەس مۈلۈك، ئاكسىيە بېلەتلىرى قاتارلىقلارغا ھەقلىق ئېرىشىش سودا ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ؛ (2) باشقىلارنىڭ كۆچمە مۈلكى ياكى ئاكسىيە بېلەتلىرىگە ئىگە بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن توختاملار، شۇنىڭدەك توختام ئىجرا قىلىنغان بولسىمۇ، ھەقلىق ئېرىشىش مەقسەت قىلىنغان ھەرىكەتلەرمۇ سودا ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ؛ (3) بىر ژىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر مۇتلەق سودا ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ؛ (4) چەك ۋە باشقا سودا ئاكسىيىلىرىگە ئىگە بولۇشنى كۆزلىگەن ھەرىكەتلەر، كىم قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلا بولسا، ئۇ سودا ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇتلەق سودا ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەقتە دۆلىتىمىزنىڭ «يولسىز رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»، «ئاكسىيە سودىسى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام»دا بەلگىلىمىلەر بار.

تىجارەت خاراكتېرىدىكى سودا ھەرىكىتى. ياپونىيىنىڭ سودا قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، بۇ ھەرىكەت سودىگەرلەرنى سۇبيېكت، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئىجارىگە بېرىشنى مەقسەت قىلغان كۆچمە مۈلۈك ياكى كۆچمەس مۈلۈكنى ئېلىش، سېتىش ياكى ئىجارىگە ئېلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر؛ (2) باشقىلار ئۈچۈن ياساپ بېرىش ياكى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر؛ (3) ئېلېكتر ئەسۋابلىرى ياكى گاز بىلەن تەمىنلەش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر؛ (4) توشۇش - يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر؛ (5) مەشغۇلاتنى ھۆددىگە ئېلىش ياكى ئەمگەك كۈچىنى سېتىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر؛ (6) نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك ياكى فوتو سۈرەتچىلىككە دائىر ھەرىكەتلەر؛ (7) خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە سورۇن تەييارلاش يولىدىكى سودا؛ (8) ئالماشتۇرۇش ۋە بانكىنىڭ شۇ يولدىكى سودىسى؛ (9) سۇغۇرتا؛ (10) ھاۋالىنى ھۆددىگە ئېلىش؛ (11) ۋاسىتىچىلىك ياكى ۋەكالەتچىلىككە دائىر ھەرىكەتلەر؛ (12) ۋەكالەتچى سودىگەرلىكنى ئۈستىگە ئېلىشقا دائىر ھەرىكەتلەر. لېكىن ئىش ھەققىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىش يولىدىكى ھەرىكەت بولسا، سودا ھەرىكىتى ھېسابلانمايدۇ.

قوشۇمچە سودا ھەرىكىتى: بۇ، مۇتلەق سودا ھەرىكىتى ۋە تىجارەت خاراكتېرىدىكى سودا

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىگە ياتمايدىغان، يەنە كېلىپ بەزىبىر بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان (ھەرقايسى ئەللەردە ئوخشاش ئەمەس) سودا ھەرىكىتىدۇر.

3. ھەقلىق سودا ھەرىكىتى ۋە ھەقسىز سودا ھەرىكىتى: ھەقلىق سودا ھەرىكىتى دېگەندە، سودىگەر ئۆزىنىڭ تىجارەت دائىرىسى ئىچىدە باشقىلار ئۈچۈن مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، مۇناسىپ ھەق - تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان ھەرىكەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھەقسىز سودا ھەرىكىتى. بۇ، سودىگەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەجبۇرىيەت ئادا قىلىشتا، ئۇنىڭدا بەلگىلىمىگە ئاساسەن باشقىلاردىن مۇناسىپ مەجبۇرىيەت ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدىغان سودا ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، تاۋارلارنى رېمونت قىلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش، قايتۇرۇش، يەڭگۈشلەش، يەتكۈزۈپ بېرىشكە ھۆددە قىلىش ۋە سودا تەشۋىقاتى قاتارلىقلار ھەققىدە «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» دا بىرقەدەر ئېنىق تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر بار.

4. ۋەدە خاراكتېرلىك سودا ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىي خاراكتېرلىك سودا ھەرىكىتى. ۋەدە خاراكتېرلىك سودا ھەرىكىتى سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئاغزاكى پۈتۈشكەندىن كېيىنلا سودا ھەرىكىتى ئەمەلگە ئېشىپ، ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ۋۇجۇدقا كېلىدىغان سودا ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ، تاۋار ئېلىش - سېتىش شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئەمەلىي خاراكتېرلىك سودا ھەرىكىتى سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئاغزاكى پۈتۈشكەندىن باشقا، يەنە ئەمەلىي نەرسە ۋە پۇل تاپشۇرىدىغان سودا ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

5. تاشقى سودا ھەرىكىتى. دېڭىز ياقىسىدىكى ئۈچ رايونغا قارىتىلغان سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، ئېلىمىزدە دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردىن باشقا چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئەسلىدىكى ئىچكى رايونلاردىن بىردىنلا ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئالدىنقى سەپ ئۆلكىلىرىگە ئايلاندى، چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېچىۋېتىلىشى ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ قوشنا ئەللەر خەلقى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، تاشقى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن، مەسىلىلەرمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، تاشقى سودا ھەرىكىتى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەتلىرى، ھەرقايسى ئەلنىڭ قانۇن-نىزاملىرى قاتارلىقلارغا ئۇيغۇن كېلىشتىن تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا ئادەتكە ئۇيغۇن كېلىشكە قاراپ يۈرۈلدى.

### (3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە ئوخشاش بىر ئۆلچەمدىكى قانۇن - نىزاملار تەرىپىدىن تەڭشىلىپ ۋە قائىدىلەشتۈرۈلۈپ كەلگەچكە، بۇ جايلارنىڭ سودا ھەرىكىتى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ كەلدى. ئۇ، ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. سودا ھەرىكىتى — سودا قانۇنى سۇبيېكتى سودا قانۇنى ئاقىۋىتىگە ئېرىشىشنى ئاساس قىلىدىغان ھەرىكەت. ئۇنىڭ سۇبيېكتى ھەق تەلەپ - سودا قانۇنلىرى تەرىپىدىن تەڭشىلىدىغان سۇبيېكتنىڭ ھەرىكىتى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، بۇ ھەرىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ سودا ھەرىكىتى بولماي قېلىشى مۇمكىن.

2. ئاغزاكى پۈتۈشۈش — سودا ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. قانۇن ھەرىكىتىمۇ ئاغزاكى پۈتۈشۈشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، سودا ھەرىكىتىدە ئاغزاكى پۈتۈشۈش تولىمۇ

گەۋدىلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ تەلىپى ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە گەۋدىلىك بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرى قاتلاملىق سودا ھەرىكىتىنىڭ تەلىپىمۇ بىرقەدەر قاتتىق بولىدۇ (مەسىلەن، چەك، ھۆججەت قاتارلىقلار). تەلەپنىڭ بۇنداق قاتتىق بولۇشىدا قولايلىق، تېز بولۇش، خەتەرنى ئازايتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

3. مۇنتىزىم سودا ھەرىكىتى قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، سودا ھەرىكىتىنىڭ سۇبيېكتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سودا قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن ئىش قىلىپ قانۇن تەرىپىدىن جازالىنىشتىن ساقلىنىشى لازىم، لېكىن غەيرىي رەسمىي سودا ھەرىكىتىدە قانۇنغا خىلاپ سودا كۆپرەك بولىدۇ.

4. سودا ھەرىكىتىنىڭ مۇھىملىقى ھەقىقىي، راستچىل بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، ئادىل بولۇش، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئالدامچىلىق، يولسىز رىقابەت، ئازدۇرۇش ـ ئالداش قاتارلىقلار-غا قارشى تۇرۇش، ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىش، پۇ ئاتماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن كونكرېت سودا ھەرىكىتىدە، كۆپ ھاللاردا، چېچەنلىك، مەككارلىق، يۇمۇرلۇق، قىزىقچىلىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

5. سودا ھەرىكىتىدە پايدا ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ ئۇنى باشقا ھەرىكەتلەردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىك-لەرنىڭ بىرى، ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى سودا ھەرىكىتى بىلەن مەخسۇس ياكى ئاساسلىق شۇغۇللىنىدىغان كىشى بولۇشى كېرەك.

6. سودا ھەرىكىتىدە چەك ـ ھۆججەت، ھەقىقىي ئىسپات قاتارلىق جەھەتلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ باشقا ھەرىكەتلەردىكىگە قارىغاندا قاتتىق بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ سودا قانۇنلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى، قانۇنچىلىقنىڭ ئومۇملىشىشى، خەلقئارا ئالاقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، خەلقئارا ئادەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرىشى ئارقىسىدا، بۇ ئالاھىدىلىك تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا.

7. سودا ھەرىكىتىدە ئاشكارا بولۇش تۈزۈمى، مەسىلەن، تىجارەت گۇۋاھنامىسى، تازىلىق ئىجازەتنامىسى، مەخسۇس تىجارەت ئىجازەتنامىسى، مەھسۇلات باھاسى، سۈپىتى قاتارلىقلار ئاشكارا بولۇش تەكىتلىنىدۇ، راستچىل بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇشتىن ئىبارەت تىجارەت پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

8. قاتتىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. لېكىن ئومۇمىي خەلقئارا سودا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ـ بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ، ئىچكى جايلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەلۇم پەرق بار. مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىككى جەھەتتە، خۇسۇسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت يولى بىلەن ھەل قىلىشقا سەل قارىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. قانۇنچىلىق ئىككى بىرقەدەر ئاجىز.

9. ئادىل، بىخەتەر، راستچىل بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىجتىمائىي ئىناۋەتكە، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

10. دىنىي قائىدىلەر سودا ھەرىكىتىگە بىرقەدەر كۆپرەك سىڭگەن بولىدۇ، بۇنداق دىنىي قائىدىلەر خەلق ئارىسىدىكى سودا ھەرىكىتىدە خېلى چوڭ بازارغا ئىگە بولۇپ، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ئۇنىڭغا بىرقەدەر ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ.

11. قەرزنى قايتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەرزىنىڭ ئىناۋەتسىز بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ، دادىسىنىڭ قەرزىنى بالىسى، تۇغقانلىرى، ئاغىنىلىرى قايتۇرىدۇ ياكى قايتۇرۇشنى خالىغۇچىلار قايتۇرىدۇ، قەرزدار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەرزىنىڭ ئىناۋەتسىز بولۇپ كېتىشىگە، دادىسىنىڭ قەرزىنى بالىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قايتۇرماسلىقىغا قارشى تۇرۇلىدۇ. قەرزدار ئۆلۈپ كەتسىمۇ قەرزنىڭ ئىناۋەتسىز بولماسلىقى، دادىسىنىڭ قەرزىنى بالىسىنىڭ قايتۇرىدىغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىكى قائىدىلەردىن كەلگەن، بۇ، چەت ياقا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نەزەرىدە بىر قەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار بۇنى ئاڭلىق ھالدا دىنىي قائىدە سۈپىتىدە ئادا قىلىدۇ.

12. سودا ھەرىكىتىدە دىنىي قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ۋە دىنىي ئېتىقادنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىگە ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. دىنىي مەدەنىيەتنىڭ سودا ھەرىكىتىدىكى ئىپادىسى، كۆپ ھاللاردا، قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ سودا ھەرىكىتىدىكى ئىپادىسىدىنمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك خەلقئارا ئادەتلەردىمۇ گەۋدىلىك ھالدا تەكىتلەنگەن. مەسىلەن، غەيرىي «مۇسۇلمانچە» يېمەكلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر رايونلىرىدا سېتىشقا بولمايدۇ، سېتىلىدىكەن، بۇنداق سودا ھەرىكىتى دەرھال چەكلىنىدۇ.

13. سودا ھەرىكىتىدە، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق ئېڭى بىر قەدەر ئاجىز.

## 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىي خاراكتېرى

### (1) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى يۇقىرىلارغا قانۇن بەرگەن ھەق تەلەپ قانۇنىغا ياتىدىغان بىر خىل ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ئىقتىدارىدۇر

«ئاساسىي قانۇن» نىڭ 42 - ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك سودا - سانائەت باشقۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، بۇ پۇقرالارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى مۇناسىۋىتىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 26 -، 28 - ۋە 36 -، 41 -، 48 - ماددىلىرىدا تەبىئىي شەخسلەر ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ سودا ھەرىكىتى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەلگىلەنگەن، «شىركەت قانۇنى»، «كارخانىلار قانۇنى»، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» دىمۇ كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتى توغرىسىدا مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. «يولسىز رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»، «ماركا قانۇنى»، «پاتېنت قانۇنى»، «باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى»، «ئاكسىيە قانۇنى»، «ئېلان قانۇنى»، «مەھسۇلاتلار سۈپىتى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلاردا سودا ھەرىكىتى قانۇن قائىدىسىگە سىڭدۈرۈلگەن. دېمەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىمۇ ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ - سودا قانۇنلىرىدا ھەربىر پۇقرا ئۈچۈن بېرىلگەن ئادەتتىكى ھەرىكەت ھوقۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### (2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتىدىكى نېيترال ھەرىكەت

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتىدىكى ھەم قانۇنغا خىلاپ كەلمەيدىغان، ھەم قانۇنغا ئۇيغۇن بولمىغان

سودا ھەرىكەتلىرىنى بىز نېيترال سودا ھەرىكىتى دەپ ئاتايمىز، بۇ، بىر قەدەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە ھەرىكەتتۇر. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن «دادىسىنىڭ قەرزىنى بالىسى قايتۇرۇش»نى تەلەپ قىلىشىدىن ئىبارەت سودا ھەرىكىتى قائىدىسىنىڭ قانۇنىي ئاساسى يوق. دېمەك، بۇنداق ھەرىكەتنى قانۇنلۇق ياكى قانۇنغا خىلاپ دېگىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق نېيترال سودا ھەرىكىتىنىڭ چەكلەش كۈچى دىنىي ئەقىدىلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر قانۇنىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇ بىر قەدەر ئالاھىدە بولغان سودا ھەرىكىتىدۇر. يەنە مەسىلەن، قائىدىلەشتۈرۈلگەن سودا ھەرىكىتىدە راستچىل بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇلىدۇ، مەھسۇلات سۈپىتى، مەھسۇلاتلارنى ساقلاش، قاچىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە، ئۆز ھەرىكىتىنى دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسەن چەكلەشكە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك قانۇنىنىڭ چەكلىشىگە سەل قارىلىدۇ، سودا ھەرىكىتىنى دىنىي ئەقىدىلەر ۋە مىللىي ئادەتلەر، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە پرىنسىپلىرى بىلەن قائىدىلەشتۈرۈش ۋە چەكلەش ھەرىكەتلىرىنىڭ قانۇنىي ئاساسى يوق. ھالبۇكى، بۇلار مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغا زىت كېلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق سودا ھەرىكىتىنى چەكلەشنىڭمۇ قانۇنىي ئاساسى يوق، شۇڭا بىز بۇلارنى قانۇنىنىڭ خاراكتېرىدىكى نېيترال دائىرىگە كىرگۈزۈشكە مەجبۇرمىز. بۇ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

**(3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سودىدىكى بىر خىل ئالاھىدە شۆھرەت، بىر خىل كۆرۈنمەس بايلىق ھېسابلىنىدۇ**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار سودا ھەرىكىتىدە قاتتىق دىنىي ئەقىدىلەر، ئىجتىمائىي ئادەت، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە قانۇن ئۆلچەملىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان بىر خىل ياخشى شۆھرەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مەسىلەن، بىز دەيدىغان «ئەنئەنىۋى دۇكانلار»نىڭ سودىدىكى شۆھرىتى شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. سودا ھەرىكىتىدىكى بۇنداق يۇقىرى شۆھرەت كەڭ ئىستېمالچىلار ياكى سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ئىچىدە سودا ھەرىكىتىدە ياخشى شۆھرەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ئۈچۈن بىر خىل مۇھىم كۆرۈنمەس بايلىقتۇر، ئۇ قولغا چىقماس ئىجتىمائىي ئەمگەك مەھسۇلاتى بولۇپ، مۇئەييەن قىممەتكە ۋە ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ مۇلۇك خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. سودا ھەرىكىتىدىكى يۇقىرى شۆھرەت سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارغا ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق شۆھرەت راستچىل، ئىناۋەتلىك ئەمگەك مېۋىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېنىق مۇلۇك قىممىتىگە ئىگە، ئۇ سودا ھەرىكىتىگە ئەمەلىي ياكى يوشۇرۇن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياكى رىقابەت كۈچى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئوخشاش كەسىپ بويىچە تېخىمۇ يۇقىرى پايدىغا ئىگە قىلىدۇ.

2. سودا ھەرىكىتىدىكى يۇقىرى شۆھرەت ئادىل، باراۋەر، راستچىل، ئىناۋەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدىغان ئەمگەك ۋە ماددىي ئەمگەك مەھسۇلىدۇر. بۇنىڭدا سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ئادىل، باراۋەر، راستچىل، ئىناۋەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئىدىيىۋى پەزىلىتى ۋە تىجارەت ئىستىلى مۇجەسسەملەشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارمۇ بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ماددىي مەنپەئەت جەھەتتە غايەت زور بەدەل بېرىدۇ، زور مىقداردا ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى سەرپ قىلىدۇ، كۆپ پايدا ئېلىشتىن ۋاز

www.uyghurkitap.com

كىچىپ، ئاز پايدا ئېلىپ كۆپ سېتىش چارىسىنى قوللىنىدۇ، بۇنداق ئەمگەك مېۋىسى مۇئەييەن قىممەتكە ۋە ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە بىر خىل تاۋار ھېسابلىنىدۇ.

3. سودا ھەرىكىتىدىكى يۇقىرى شۆھرەت ئىجتىمائىي مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ تەربىيە ئېلىش، قانۇننى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىدۇ، ئۇ ساختىپەزلەرنىڭ كۆشەندىسى بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كۈچلۈك تۈردە قوغدايدۇ.

4. سودا ھەرىكىتىدىكى يۇقىرى شۆھرەت بىر خىل كۆرۈنمەس بايلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۈلۈكچىلىكنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ھوقۇقىنى ئىشلىتىشنىلا راۋا كۆرىدۇكى، ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. بۇنداق كۆرۈنمەس بايلىق سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارغا ئايرىلماس ھەمراھ بولىدىغان بىر خىل كۆرۈنمەس مۈلۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىگە دائىر قانۇن - قائىدىلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

### (1) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئىناۋەتلىك ياكى ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىگە بېرىلىدىغان تەبىر

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئىناۋەتلىك ياكى ئىناۋەتسىزلىكىنى بەلگىلەش شۇ جايلاردىكى يوللۇق سودا ھەرىكىتىگە تەبىر بېرىش، ئۇنى قائىدىگە سېلىش ۋە قوغداش، مىللىي رايونلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى، مىللىي رايونلاردىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي رايونلاردىكى سودا كارخانىلىرى- نىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ بۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇپ تىجارەت قىلىش ئېدىيىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يوللۇق سودا ھەرىكىتىنى قانۇن ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن سودا ھەرىكىتى ئىناۋەتلىك ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ ھەمدە قانۇني ئاقىۋەتنى ھاسىل قىلىدۇ. سودا ھەرىكىتىنىڭ ئىناۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن ئىبارەت:

a) سۇبيېكت لاياقەتلىك بولۇشى، يەنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەرىكەت ئىقتىدارى، ھوقۇق، سالاھىيەتنى ھازىرلىغان بولۇشى ۋە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك؛

b) سۇبيېكتلارنىڭ ئاغزاكى پۈتۈشكەنلىرى راست بولۇشى شەرت؛

c) ھەرىكەت مەزمۇنى قانۇنلۇق بولۇشى شەرت؛

d) قانۇندا بەلگىلەنگەن شەكىلگە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت.

سودا ھەرىكىتى قانۇن - نىزام، سىياسەت قاتارلىقلارنىڭ چەكلىشىگە خىلاپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، شۇ كىشى شۇغۇللانغان سودا ھەرىكىتى ئىناۋەتسىز ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ: (1) ھەرىكەتتە بولغۇچىلاردىن باشقا ۋەزىپىسى، كەسپى بولغانلار، مەسىلەن، چەت ئەللەردە دۆلەت خادىملىرى سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، دۆلىتىمىزدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كادىرلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن؛ (2)

تىجارەت خاراكتېرىدىكى چەكلەنگەن ھەرىكەتلەر، مەسىلەن، بازار باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن - نىزاملارغا خىلاپ ھەرىكەت، مونوپول قىلىنغان سودا - سېتىققا خىلاپ ھەرىكەت، ئوبوروتنى چەكلەشكە خىلاپ ھەرىكەت؛ (3) يولسىز رىقابەت ھەرىكىتى، دۆلەت سودىدىكى يوللۇق رىقابەت ھەرىكىتىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ، يولسىز رىقابەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدۇ، يولسىز رىقابەت ئىناۋەتسىز سودا ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىناۋەتسىز ھەرىكەتتۇر؛ (4) سۈتخورلۇق ھەرىكىتى، بۇ — ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىناۋەتسىز سودا ھەرىكىتىدۇر؛ (5) تۆكمە قىلىپ سېتىش ھەرىكىتى، شۇ كەسىپتىكىلەرنىڭ بازار سودىسىدىكى مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، زومىگەرلىك بىلەن بازارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىش ھەرىكىتى، شەكلى ئۆزگەرگەن يولسىز رىقابەت ھەرىكىتى ئىناۋەتسىز ھەرىكەت.

ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى شۇنداقلا سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭمۇ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، نورمال تاۋار سودىسى تەرتىپىنى ساقلاپ، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئەللەر قانۇنلىرىدا سودا ھەرىكىتىگە قانۇن جەھەتتىن چەك قويۇش پرىنسىپ جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ئىستېمالچىلارغا قانۇنسىز يول بىلەن زىيان يەتكۈزسە، زىيانغا ئۇچرىغۇچى قانۇن يولى بىلەن ئەدلىيە جەھەتتىن ياردەم تەلەپ قىلسا بولىدۇ. سودا ھەرىكىتىنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىي خاراكتېرىنى قانۇن نەزەرىيىسى جەھەتتىن تونۇش تېخى كەمچىل بولغانلىقتىن، ھەرقايسى ئەللەر قانۇنلىرىدا سودا ھەرىكىتىنى قانۇن قائىدىسىگە سېلىش، ئۇنىڭغا چەك قويۇش دائىرىسى قاتارلىقلار ئوخشاش ئەمەس، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، سودا ھەرىكىتىنى قائىدىگە سېلىش دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس.

مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا مەنئى قىلىنغان باشقا مەزمۇنلار. بۇ مەزمۇنلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ ئېلان كەسپى قانۇن بويىچە توختىتىلىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

① سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ ئېلان تىجارىتى ھەرىكىتىدە ھوقۇققا دەخلى - تەزۇر قىلىش ھەرىكىتى بولماسلىقى لازىم. ھوقۇققا دەخلى - تەزۇر قىلىپ قانۇنىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھوقۇققا دەخلى - تەزۇر قىلىش ھەرىكىتى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بەش خىل ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) ئېلاندا ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ياكى مەجرۇھلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزۈش؛ 2) باشقىلارنىڭ پاتېنتقا ئىگە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ياكى سانائەت مۈلكى ھوقۇقىنى يالغاندىن ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش؛ 3) باشقا ئىشلەپچىقارغۇچىلار ياكى تىجارەتچىلەرنىڭ تاۋارلىرىنى ياكى مۇلازىمىتىنى چۆكۈرۈپ كۆرسىتىش؛ 4) ئېلاندا باشقىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، ئۇلارنىڭ نامى، ئوبرازى، سالاھىيىتى، ۋەزىپىسى، مەرتىۋە مۇناسىۋىتىنى قوللىنىش؛ 5) باشقىلارنىڭ قانۇنلۇق ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشقا ياتىدىغان باشقا قىلمىشلار.

② سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ئېلان تىجارىتىدە، ئېلان ۋاكالەتچىلىكى، ئېلان توختىمى، ئېلان تەكشۈرۈش، ئېلان ئىسپاتى، ئېلان كەسپى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىدىغان ياكى بۇ تۈزۈملەرنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ھەرىكەتلەردە بولماسلىقى لازىم.

③ سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ئېلان

www.uyghurkitap.com

تىجارىتىدە، ئېلاننى «ھەقلىق ئاخبارات، تەشۋىقات خەۋىرى» دېگەن شەكىللەر بىلەن بېرىدىغان ھەرىكەتلەردە بولماسلىقى، ئېلاننى ئېلان كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قانۇنلۇق سالاھىيەتكە ئىگە ئېلان تىجارەتچىلىرىنىڭ ئېلان قىلىشىغا ھاۋالە قىلىشى لازىم. ئاخبارات ئورۇنلىرى ئېلان بەرگەندە ئېنىق بەلگە بىلەن بېرىشى لازىم. ئېلان قىلغۇچىلار ئېلاننى ئېنىق ئېلان بەلگىسى بىلەن ئېلان قىلىشى لازىم. ئىستېمالچىلار ياكى ئاممىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان ياكى چۈشىنىكسىز تەشۋىقات ئۈنۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتلەر قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت دەپ قارىلىشى لازىم.

④ سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ئېلان تىجارىتى ھەرىكىتىدە «ئېلان قانۇنى»غا ۋە ئېلان باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە بولسا، ئېلان باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئۇلارغا قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ مەمۇرىي جازا بېرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئابونتچىلار ۋە ئىستېمالچىلارغا زىيان يەتكۈزگۈچىلەر قوشۇمچە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى ئەدلىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**(2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىگە دائىر قانۇن قائىدىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلىرى بويىچە «سودا ھەرىكىتى» جەھەتتىكى تەتقىقات بىر قەدەر ئاز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيە خاراكتېرىدىكى ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار ۋە سودىغا دائىر قانۇن - نىزاملار قۇرۇلۇشى تولىمۇ يېتەرسىز بولۇۋاتقان ساھە بولۇپ كەلمەكتە، بۇ جەھەتتىكى قۇرۇلۇش خىزمىتىنى جىددىي كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ھازىر، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىگە دائىر قانۇن قائىدىلىرىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلە مەۋجۇت:

1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ قانۇني ئورنى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس.

دۆلىتىمىزنىڭ «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا، ھازىرغىچە «سودا ھەرىكىتى» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى»گە دائىر قانۇن ئۇقۇمى يوق، بولۇپمۇ «سودا ھەرىكىتى» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى»نىڭ ھەرىكەت خاراكتېرى ۋە ھوقۇقىقا دەخلى - تەرۇز قىلىشنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر يوق. سودا ھەرىكىتىنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۈنۈملۈك تۈردە قائىدىلەشتۈرۈش ۋە تىزگىنلەش ئۈچۈن، سودا ھەرىكىتىنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى ھەق تەلەپ سودا قانۇنىنىڭ قائىدىلەشتۈرۈش، تىزگىنلەش، قوغداش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر. ھازىرقى «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»نىڭ ئالاقىدار باب، پاراگرافلىرىغا «سودا ھەرىكىتى» دېگەن پاراگرافنى كىرگۈزۈپ، سودا ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت كاتېگورىيىسى، خاراكتېرى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارسا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە نىزاملىرىنىڭ ئالاقىدار باب، پاراگرافلىرىغا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى» دېگەن پاراگرافنى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت

كاتېگورىيىسى، خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارسا بولىدۇ.

2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ قائىدىلىرىدە تولۇق قانۇنىي ئاساس يوق.

ئېلىمىزنىڭ ھەق تەلەپ - سودا قانۇنى قۇرۇلۇشى ئەسلىدىلا تەرەققىي تاپمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «سودا ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقان بۇ «ھەرىكەت» ئۈستىدىكى تەتقىقات تولىمۇ ئاز بولدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى ھەق تەلەپ - سودا قانۇنى قۇرۇلۇشى، بۇ جايلاردىكى سودا ھەرىكىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ يېتەرسىز بولدى. سودا ھەرىكىتىنى قائىدىلەشتۈرۈش سودا ھەرىكىتىنى قوغداشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئالدىنقى شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانۇن قائىدىسى ۋە قانۇننىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سودا ھەرىكىتى (بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى) لا قانۇننىڭ قوغداش ئوبيېكتى بولالايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى قانۇنلىرىدا «سودا ھەرىكىتى» توغرىسىدا ئېنىق ۋە قائىدىلىك نام يوق، ئۇقۇم توغرىسىدا تەبىرمۇ يوق، بولۇپمۇ بۇ قانۇنلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىي ئاساسى ۋە ئۇنىڭ پاكىت شەرتلىرى بەلگىلەنمىگەن. سودا ھەرىكىتىنىڭ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، مەزمۇنى مۇرەككەپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەمەلگە قويۇلىدىغان جايى، شارائىتى، شەرتى، ئوبيېكتى، مەقسىتى قاتارلىقلار ئىشقا، ئادەمگە، جايغا، زامانغا قاراپ پەرقلىنىدۇ، شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلىرى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان سودا ھەرىكىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى قائىدىلەشتۈرۈش، تىزگىنلەش ۋە قوغداشقا دۇچ كېلىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرلىك، ئېنىق بولغان قانۇن ئاساسىنىڭ، شۇنىڭدەك قولاي، توغرا بولغان مەشغۇلات ئاساسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش، بېكىتىش، ھۆكۈم قىلىش جەھەتلىرىدە ئېغىش يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چەت - ياقا جايلاردىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى، سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاقى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، گۇمانتارلىق ئىككى جەھەتتە پەرق مەۋجۇت، مانا بۇلار ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە بىرمۇنچە قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرىدۇ، ھالبۇكى، ئەمەلىيەت داۋامىدا يۈز بەرگەن ئېغىشلار، بولۇپمۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا كەلتۈرىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سودا ھەرىكىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سودا ھەرىكىتىنى قائىدىلەشتۈرىدىغان، تىزگىنلەيدىغان ۋە قوغدايدىغان قانۇن ماددىلىرىنى بىز سودا ھەرىكىتىنىڭ ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىي خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايمىز، بۇ ماددىلار بۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى يولغا قويۇشقا دائىر تەپسىلىي پرىنسىپلارغا ياكى ئەدلىيىلىك ئىزاھاتقا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا كىرگۈزۈلسە ۋە تىرىشىپ تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلسە بولىدۇ.

3. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جايلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكەتلىرىنى جازالاش دېگەندەك كۈچلۈك ئەمەس.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلىرىدا قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى (ھازىر ۋاقىتنىچە ئومۇمىي قانۇنلار تەتبىق قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ) نى قەيت قىلىش، تۈرلەرگە ئايرىش ۋە ئۇنىڭغا جازا بېرىش توغرىسىدا ئىنتايىن پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بېرىلگەن. لېكىن بۇ ھەرىكەتلەرگە بېرىلىدىغان جازانىڭ دەرىجىسى ئېنىق بولماي، مۇجمەل بولىدۇ، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىن تىزگىنلەش ۋە قائىدىلەشتۈرۈش، ھەرىكەتتىن كېيىن ئەدلىيە جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش قولايسىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەق تەلەپ ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن جازا بېرىش كۆپرەك، جىنايى جازا بېرىش ئازراق بولىدۇ. دەۋاغا يۈز خاتىرە قىلىش ئارىلىشىپ قالغاچقا، نەتىجىسىنى چىقىرىش ئىشى كۆپ ھاللاردا ئارقىغا سۈرۈلۈپ، چوڭ ئىش كىچىك قىلىۋېتىلدى، كىچىك ئىش يوق قىلىۋېتىلدى. قانۇندا بەلگىلەنگەن زەربىنىڭ دەرىجىسى دېگەندەك ئېغىر بولمىغانلىقى، شۇنىڭدەك قانۇنىي ئىجرا قىلىش قەتئىي بولماسلىق، زەربە بېرىشنىڭ ئورنىغا جەرىمانە قويۇش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر پۇل، يۈز خاتىرە قىلىش قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. بۇ ھال قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى، نەتىجىدە سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار، ئىستېمالچىلار ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرتىپى بۇزۇلدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىندى، شۇنىڭ ئۈچۈن، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارغا ياكى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالدىغان ئالاقىدار خادىملارغا ئىقتىسادىي ياكى جىنايى جازا بېرىشتە يۈز خاتىرە قىلىشقا، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

## 4. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ سودا ھەرىكىتىنى قائىدىلەشتۈرۈش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر

**(1) ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى ھەق تەلەپ - سودا قانۇن - تۈزۈملىرى قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش**

ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى ھەق تەلەپ - سودا قانۇن - تۈزۈملىرى قۇرۇلۇشىغا دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمىدى، بۇ جەھەتتىكى تونۇشمۇ ئارقىدا قالدى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، ئاپتونومىيە خاراكتېرىنى ئالغان بۇنداق قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەلسىزلىكىنىڭ نۇقسانلىرى ۋە مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز ئاشكارىلىنىپ چىقىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شەرق ۋە غەربنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەتلىرى ھەم قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، توقۇنۇش ۋە بىرىكىش داۋامىدا ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە قانۇن ئەنئەنىسىنى راۋاجلاندۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان باسقۇچى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ باش فاكتورىدىن

ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، ئىككىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ باش فاڭجېن - سىياسەتلىرىدىن بىرلىك ۋە بىردەكلىكنى كۆرۈش، تەرەققىيات جەريانى ۋە باسقۇچىدىن پەرق ۋە ئارىلىقنى كۆرۈشىمىز لازىم. ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ بەزى نەرسىلىرى ئۆزىنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى، شۇنداق ئىكەن، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق، «شەرقنىڭ نەرسىلىرىنى غەرب ئۈچۈن، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق» بولىدۇ. ھەقتەلەپ سودا قانۇن- تۈزۈملىرى قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئوخشاش بىر ئىش، ئۇسۇل جەھەتتە «كۆچۈرۈپ كېلىش»نى ئۆزگەرتىش، ئىجاد قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكىتلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم.

نۆۋەتتە، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشى جەريانىدا ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تېگىشلىك بولغان بىرمۇنچە يېڭى مەسىلىلەر مەيدانغا كەلدى، مىللىي رايونلار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولۇۋاتىدۇ، مەسىلە تېخىمۇ كۆپ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى يېڭى ئىدىيە، كۆز قاراش، سىياسەت، لايىھە، تەدبىرلەر ئۈستى- ئۈستىلەپ مەيدانغا كەلمەكتە، لېكىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد، قانۇنچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشى دېگىز

ياقىسىدىكى رايونلار ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكىدىن كېيىن بولماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەز ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش جەھەتتە، كۆپ ھاللاردا، پۈتۈن مەملىكەتنى بىر تاياقتا ھەيدەش چارىسىنى قوللانماقتا، نەتىجىدە، تاياقنى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئۇرسا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ بېشىغا تېگىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئىش يۈزىدە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى تەكشى بولمايۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى جەريانىدا، سودا ھەرىكىتىگە دائىر قانۇن بەلگىلىمىلىرى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق، بازارلا بولىدىكەن، رىقابەت، يولسىز رىقابەت، مونوپولىيە، تۆكمە قىلىپ سېتىش قاتارلىق سودا ھەرىكەتلىرى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەق تەلەپ - سودا قانۇنلىرىنى قائىدىلەشتۈرۈش، تىزگىنلەش ۋە قوغداشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، چېگرا رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ تەڭشىشى ۋە قائىدىلەشتۈرۈشىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ.

**(2) ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى قائىدىلەشتۈرۈشكە دائىر بىرقانچە پىكىر**

ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتى ئاساسەن قائىدىلەشتۈرۈلمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە مەزمۇنلىرى يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەر، ئەخلاق قائىدىلىرى ۋە دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە تەڭشەلمەكتە ۋە قائىدىلەشتۈرۈلمەكتە، بۇ ھال بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى ھازىرقى زامان بازىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك

www.uyghurkitap.com

تەركىبلىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، سودا سۇبيېكتلىرى رىقابىتى كۆپ يۆنىلىش، كۆپ قاتلامغا قاراپ راۋاجلىنىش، سودا سۇبيېكتلىرىنىڭ سالاھىيىتى كۆلىمى مۇرەككەپلىشىش، ئىگىلىك كۆلىمى راۋاجلىنىش قاتارلىق تەلەپلەرگە تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە قائىدىلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش زادىلا كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان جىددىي ئىش بولۇپ قالدى، ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق بىرقانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرى ئىدىيىدە بۇرۇلۇش ياسىشى لازىم. بۇرۇنقىدەك ھەرىكەتنى قائىدىلەشتۈرۈشكە سەل قاراش، قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇشىغا پەرۋا قىلماسلىق ئىدىيىسىدىن قانۇن چىقىرىش تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىش، قانۇن چىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش؛ سودا ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە قائىدىلەشتۈرۈش، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قوغداش ئىدىيىسىگە بۇرۇلۇپ، سودا ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە قائىدىلەشتۈرۈشنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇشى ۋە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىشى لازىم؛

2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرى ئىچكى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ بازارلارغا يۈزلىنىدىغان سودا ھەرىكىتى تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم. بىرىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرى قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ۋە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار، مەمۇرىي باشقۇرغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھەق تەلەپ - سودا قانۇنلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاممىۋى خاراكتېرلىك قانۇنچىلىق ئاساس يارىتىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار، ئىستېمالچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى قانۇن قورالى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشى، قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىگە كۈچلۈك تۈردە زەربە بېرىپ، ياخشى بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تار سودا ھەرىكىتى، قىسقا مۇددەتلىك ئۈنۈمگە بېرىلىدىغان، ئۇششاق دېھقانچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان سودا ھەرىكىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ئىچكى ۋە خەلقئارادىكى قائىدىلەشكەن بازارغا تەدرىجىي يۈزلەنگەن، دۇنياۋى سودا ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سودا ھەرىكىتىنى بەرپا قىلىش، ياخشى ۋە چوڭ سودا ھەرىكىتى ئوبرازىنى تىكلەش، شۇنداق قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى چوڭ بازارغا يۈزلىنىشى، مەملىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ دۇنياۋى چوڭ بازارغا قاتنىشىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سودا ھەرىكىتىنىڭ قائىدىلەشتۈرۈلۈشى، تىزگىنلىنىشى، قوغدىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان پاسسىپلىق ۋە بېقىندىلىقنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز قولىدا تۇتۇپ ۋە ئىشلىتىپ، تاۋار بازىرى تەرتىپىنىڭ ساغلام، ئادىل، تەرتىپلىك، راستچىل، ئىناۋەتلىك بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

3. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى - تاشقى

ھەق تەلەپ - سودا قانۇنلىرىنى چۈشىنىش، ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئەينەك قىلىشقا، ئىجاد قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، شۇنداق قىلىپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى ھەق تەلەپ - سودا قانۇنلىرىنى تۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش لازىم. ئىچكى - تاشقى قانۇنلارنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەندە، ئىچكى ۋە خەلقئارا بازارغا كىرىشكە قەدەم تاشلىغان ۋاقىتتا، چۈشىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلەشتىن ئىبارەت تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى ھەق تەلەپ - سودا قانۇنلىرى بويىچە ئاپتونومىيە قائىدە - نىزاملىرى قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. مىللىي رايونلار ياقا يىراق جايلارغا جايلاشقان، بۇ رايونلارنىڭ يەر دائىرىسى كەڭرى، ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئوخشاش بىر قانۇننى تەتبىق قىلىش تەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، «سىياسىي قانۇن»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە باشقا نېگىزلىك قانۇنلارغا، مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللىي رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز قائىدىلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان بىر تۈركۈم قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىگىلىكنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قانۇنچىلىق ئاساسىنى يارىتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنچىلىق ئىزىغا تېخىمۇ چاپسان چۈشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

5. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇنچىلىق تەتقىقاتى ۋە رەھبەرلىك قوشۇنىنى تولۇقلاش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللانغان تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، دىنى، ئاخلاقى ئۆزگىچە، شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدا بازار ئىشلىرىغا دائىر قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرى، خادىملىرى، تەشكىلىي رەھبەرلىك تولۇق ئەمەس، رەھبەرلىك كۈچى تېخىمۇ ئاجىز، بۇ ھال مەركەزنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن تۈزۈپ چىققان ۋە ئەمەلگە قويغان ستراتېگىيىلىك ئېھتىياجىغا تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. مەركەزنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىش ستراتېگىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى سودا ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، پەن تەتقىقاتى قوشۇنى كۈچىنى كۈچەيتىشىمىز، قابىل رەھبەرلىك قوشۇنىنى كۈچەيتىشىمىز، شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قانۇنچىلىق جەھەتتىن ئاساس يارىتىشىمىز لازىم.

6. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدا قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىگە قەتئىي زەربە بېرىپ سودا ھەرىكىتىدە ھوقۇققا دەخلى-

تەرۈز قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ توسۇش لازىم. قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىنى ئوخشاش كەسىپتىكى سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۈز قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىستېمالچىلارنىڭمۇ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ياخشى بازار ئىگىلىكى مۇھىتىنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم: (1) قانۇنچىلىق بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىنى توسۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلار، ئىستېمالچىلار ۋە بازار تەرتىپىنى قوغداشنىڭ كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ (2) قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ سودا پائالىيەتلىرىگە نۇقتىلىق زەربە بېرىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، «تۆلەم تۆلىتىشنىڭ ئورنىغا جەرىمانە قويۇش»، «جازا بېرىش ئورنىغا جەرىمانە قويۇش» تەك خاتا خاھىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدا ئۆزلۈكىدىن بويان شەكىللىنىپ قالغان يەرلىك خاراكتېردىكى قوغدىنىشنى تۈگىتىش، قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىگە يول قويغان، ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغان ۋە ئۇنىڭغا كۆز يۇمغان باشقۇرۇش ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى قانۇن بويىچە جازالاش لازىم. سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلاردىن تەرسالىق بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە قەتئىي تۈردە قاتتىق ۋە تېز زەربە بېرىش كېرەك؛ (4) پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى قانۇنغا خىلاپ سودا پائالىيىتى ۋە سودا ھەرىكىتىدە بولغۇچىلارغا قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلىش كېرەككى، قانۇنغا خىلاپ سودا ھەرىكىتىگە ھەممە ئادەم زەربە بېرىدىغان ھالەت شەكىللەنسۇن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلىرىدا ئىنتىزام ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى، ئالىيجاناب سودا ھەرىكىتى ئوبرازىنى تىكلەپ، بۇ جايلاردىكى بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قوغداپ، بۇ جايلاردا بازار ئىگىلىكىنىڭ چاپسان، ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

(«غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1995 - يىللىق 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

ئەكبەر ھۈسەيىن تەرجىمىسى
تەھرىرى: قەييۇم قۇربان

# ئېلىمىزنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى توغرىسىدا

ئوسمان مۇھەممەد

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئېلىمىزنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى بىرقانچە نۇقتىدىن شەرھلىنىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى ئېلىمىز سىياسىي پارتىيىلەر تۈزۈمىنىڭ تۈپ مەزمۇنى. ئۇ غەرب كاپىتالىستىك مەملىكەتلىرىدىكى كۆپ پارتىيىلىك ياكى ئىككى پارتىيىلىك تۈزۈمگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر يولغا قويغان بىر پارتىيىلىك تۈزۈمدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم پرىنسىپلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىكى بىر ئىجادىيەت، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان سوتسىيالىستىك سىياسىي پارتىيىلەر تۈزۈمى.

## 1

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمدىن ئىبارەت ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلىپ، كومپارتىيە بىلەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. مانا مۇشۇ ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى سىياسىي ئاساس سالدى.

ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ كۆپىنچىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشلەر جەريانىدا قۇرۇلغان بىرلىكسەپ ۋە سىنىپىي ئىتتىپاق خاراكتېرىدىكى سىياسىي پارتىيىلەر، دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي پروگراممىلار ئاساسەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈشنى ۋە دېموكراتىيە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلاتتى. بۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسىدىكى سىياسىي تەشەببۇسلىرى بىلەن ئاساسەن بىردەك ئىدى. دەل

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق بىردەكلىك كومپارتىيە بىلەن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ھەمكارلاشتۇرۇپ، خەلق دېموكراتىك بىرلىكسېپىنى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق سىياسىي ئاساسقا ئىگە قىلدى.

## 2

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار يېڭى تارىخىي يولغا ماڭدى. ئۇلار داۋاملىق تۈردە كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى سىياسىي پروگراممىلىرىنى بىكار قىلدى ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي لۇشيەننى يولغا قويدى. بۇ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. ماۋ زېدۇڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2- يىغىنىدا: «كىمكى ھەقىقەتەن خەلق ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالاپ، خەلق قىيىنچىلىقتا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ھەقىقەتەن خەلققە ياردەم قىلسا، ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسا ھەم يېرىم يولدا توختىتىپ قويمىسا، خەلقنىڭ ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشىغا ئاساسى يوق، ئۇنىڭغا ياشاش پۇرسىتى ۋە كۈچ چىقىرىش پۇرسىتى بەرمەسلىككە ئاساسى يوق»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن، كومپارتىيە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئايلانغاندىن كېيىن، دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرىنى مەركەز ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە جەلپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى زور مەسىلىلەرنى كېڭىشىش ۋە قارار قىلىشقا قاتناشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ھاكىمىيەتكە قاتنىشىدىغان پارتىيىگە ئايلىنىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار قاتناشقان كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئورتاق باشقۇرىدىغان سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئېلىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىن، جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ خاراكتېرىدە تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇنىڭ بىلەن كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىمۇ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. ماۋ زېدۇڭ ئەينى چاغدا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، گەرچە مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە يۇقىرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاساسىي ئەزالىرى سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلىدى. بۇ ھەقتە ماۋ زېدۇڭ ئېنىق قىلىپ: «زادى بىر پارتىيە بولغىنى ياخشىمۇ ياكى بىرقانچە پارتىيە بولغىنى ياخشىمۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرقانچە پارتىيە بولغىنى ياخشىدەك تۇرىدۇ. بۇرۇن شۇنداق بولغان، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 - بەت.

بولسا بولىدۇ» دەپ ① كۆرسىتىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ماۋ زېدۇڭ كومپارتىيىگە ۋەكالىتەن كومپارتىيە بىلەن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش» فاڭجېنىنى رەسمىي تۇردە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى قىلىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. لېكىن «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش» فاڭجېنى 1957- يىلىدىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن باشلاپ «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بولسا ئىجرا قىلىنىشتىن توختىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش» فاڭجېنىنى «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، بىر - بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش» فاڭجېنىغا راۋاجلاندۇرۇپ، بۇنى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىشنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرى «كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ئېلان قىلىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار دۆلەت ھاكىمىيىتىگە قاتنىشىشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تەپسىلىي بەلگىلىدى. بۇ ھۆججەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئېلىمىزنىڭ كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنىڭ يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىيدى.

3

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى بىر تۈرلۈك جۇڭگوچە سىياسىي تۈزۈم بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار — ئۆزلىرى باغلىنىشلىق بولغان بىر قىسىم سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار كومپارتىيە بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىدىغان دوست پارتىيىلەر، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىدىغان پارتىيىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كومپارتىيە بىلەن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مۇناسىۋىتى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە ئورتاق ھەمكارلىشىدىغان مۇناسىۋەت، كومپارتىيە يادرولۇقىدىكى ھەرقايسى دوست پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ئىتتىپاقتىن ئىبارەت. كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشلەر جەريانىدىكى تارىخىي

---

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 506 - بەت.

www.uyghurkitap.com

تاللىشىدۇر. كومپارتىيىنىڭ دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارغا بولغان رەھبەرلىكى، ئاساسەن، سىياسىي رەھبەرلىك، يەنى سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يۆنىلىش ۋە زور فاڭجېن - سىياسەت جەھەتتىكى رەھبەرلىك. بۇنداق رەھبەرلىك، ئاساسەن، دېموكراتىك كېڭەشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىككىنچى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگونى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئورتاق كۈرەش نىشانى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئورتاق كۈرەش نىشانى. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پروگراممىلىرىدا ئۆز پارتىيىلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەلگىلىگەن، ئۆز خىزمىتىنىڭ مەركىزى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئۈچىنچى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، بىر - بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش»نى ئاساسىي فاڭجېن قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت دائىرىسىدىكى سىياسىي ئەركىنلىكى، تەشكىلىي مۇستەقىللىقى ۋە قانۇنىي باراۋەرلىك ئورنىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شەرتى ئاستىدا، كومپارتىيە بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرىدۇ. بۇ — كومپارتىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى. «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش» «ئۆزئارا نازارەت قىلىش»تىن ئايرىلالمايدۇ. ئۆزئارا نازارەت قىلغاندىلا، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. «بىر - بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش»، بىر تەرەپتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارغا بولغان ئىشەنچىنى ۋە ئۆزئارا سەمىمىيىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكىنى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىش ياكى ھالاك بولۇشىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆتىنچى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى ئاساسىي سىياسىي شەكىل ۋە تەشكىلىي شەكىل قىلىدۇ. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى — كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرلىكسەپ تەشكىلاتى، شۇنداقلا كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي سىياسىي شەكلى ۋە تەشكىلىي شەكلى. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرىدا خېلى زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت

كېڭەشلىرى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە باشقا زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمۇ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئىبارەت يول ئارقىلىق دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئەمەلىيەت خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى — ئېلىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ زور بىر ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى. بۇ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشتە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا:

بىرىنچى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ-ئامان بولۇشىدىكى مۇھىم بىر تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىك فۇنكسىيىسىنى ئۈنۈملۈك تۈردە ياخشىلايدۇ. كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كومپارتىيە بىلەن دېموراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئۆز ئارا نازارەتچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بولۇپمۇ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان كومپارتىيە ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئاكتىپ كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا پايدىلىق.

**تەھرىرى: كۆرەش مەھمۇتجان**

# ئالىي مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا

تۇرغۇن توختىھاجى

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى بايان قىلىندۇ.

ئالىي مەكتەپ جەمئىيەتتىكى باشقا تارماقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىختىساسلىقلار بىر قەدەر زىچ توپلانغان ئورۇن بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، مۇئەييەن باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە مەمۇرىي خادىملار ۋە مۇئەييەن تېخنىكىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلار ھەر تەرەپلىمە تەربىيىگە مۇھتاج، يالغۇز پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى زۆرۈر بولغان ئەخلاق تەربىيىسى ۋە كەسىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئەخلاق تەربىيىسى ئالىي مەكتەپلەردە ئەدەتتىكى تەربىيە پائالىيىتىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتكۈل ساپاسى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە مەكتەپلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل ئىدىيىلەرنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئارقىسىدا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىدا بەزى داۋالغۇشلار پەيدا بولماقتا، ھالبۇكى، ياش ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياش ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىزمنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق قۇرغۇچىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، چوقۇم ئالىي مەكتەپ خىزمىتىدە ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەم دەۋرنىڭ تەلىپى، ھەم سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى.

## I

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن كوممۇنىستىك ئەخلاق ـ پەزىلەتنى سىڭدۈرۈش ۋە يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى ھېسابلىنىدۇ. كوممۇنىستىك ئەخلاق ـ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ

ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەت مىزانى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىمتىھان شەكلى ئارقىلىق ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ، زاپاس ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنى تەشكىل قىلغان. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ۋە شارائىتتا ئۆسكەن. سوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ۋە ئەخلاققا دائىر نەزەرىيىۋى بىلىملىرى كەمچىل. بۇ ھال ئۇلارغا سىستېمىلىق ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ نىشانىمىز ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىزمنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق ئىزباسارلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بەرپا قىلىنىشىنىڭمۇ تۈپ كاپالىتى. چۈنكى، ياشلار ۋەتەن، مىللەتنىڭ كەلگۈسى، ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەزمۇن ۋە تەلەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

(1) ئالىي مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسىدە، ئالدى بىلەن ئەخلاقنىڭ ماھىيىتى، مەزمۇنى، ئەھمىيىتى ۋە رولىنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك ئوقۇغۇچىلارنى قانداق ئەخلاق تەربىيىسى، كىمنىڭ ئەخلاقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

چۈنكى، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان سىنىپلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرى بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ياخشى - يامانلىق، گۈزەللىك - سەتلىك، ھەققانىيەت - ھەققانىيەتسىزلىك، ئادالەت - ئادالەتسىزلىك، سەممىيلىك - سەممىيەتسىزلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇپ، بۇنداق ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى باھالاپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەخلاق دەل شۇ جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەخلاقى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇئەييەن دەۋردىكى ئەخلاق شۇ دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان سىنىپنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى ئىگىلىشى زۆرۈر.

(2) ئالىي مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسىدە، چوقۇم سوتسىيالىستىك ئەخلاق پرىنسىپى ۋە ئۆلچىمى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. رېئال تۇرمۇشتا، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، ئەخلاققا ئۈيغۇن ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ئۇنىڭ مۇئەييەن ئەخلاق پرىنسىپىغا، ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۈيغۇن ياكى ئەمەسلىكىگە ئاساسلىنىمىز. شۇنداق بولغان ئىكەن، ياش ئوقۇغۇچىلاردا، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ تۈپ پرىنسىپى — كوللېكتىپچىلىق، ئاساسىي ئۆلچىمى — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت دېگەن ئەقەللىي تەلەپ ئېنىق بولۇشى كېرەك. مۇشۇ ئاساستا، ئۇلارنى كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان، كوللېكتىپ مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ،

ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

(3) ئالىي مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسىدە، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئەخلاقنىڭ تەلىپى، جۈملىدىن سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ تەلىپى كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. كوممۇنىستىك ئەخلاق ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا مەنسۇپ بولسا، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ئۇنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ قاتلاملار ئۆز نۆۋىتىدە بىر- بىرى بىلەن باغلىنىپ بىرلىكتە رول ئوينايدۇ، يەنە ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلىگەندە، ئۇلارغا يەنە ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنى ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش تەلىپىنى قويۇش لازىم.

(4) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، توغرا بولغان مۇھەببەت ئەخلاقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇھەببەت مەسىلىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت مەسىلە، بۇ، ياشلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ياكى ئۇنى چەكلەش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا مۇھەببەت ئەخلاقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى كەسىپ بىلەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، كەسىپنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياخشى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش ھەمدە مۇھەببەتنى توغرا ئورۇنغا قويماسلىق ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلىدە بولماسلىقنىڭ ئەمەلىيىتىكى ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى زىيىنىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

(5) ئالىي مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسىدە، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. چۈنكى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، مۇئەييەن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زاپاس ئىختىساس ئىگىلىرىدۇر. سوتسىيالىستىك كەسپىي ئەخلاق بولسا، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ، ئۇ سوتسىيالىستىك ئەخلاق پرىنسىپى ۋە ئۆلچەملىرىنىڭ ھەرقايسى كەسپىي ساھەلەردىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى ۋە تەتبىقلىنىشى، ئۇنىڭ تۈپ تەلىپى — ئۆز كەسپىگە سادىق بولۇش ۋە ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا، ھەر خىل پەننىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى كەسپىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەلىپىنىمۇ بىلىدىغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى شۇغۇللانماقچى بولغان كەسىپنىڭ قىممىتىنى تونۇپ، تېگىشلىك بولغان كەسپىي ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىدۇ.

يۇقىرىقى مەزمۇن ۋە تەلەپلەرنى ئالىي مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەرەپلەر دەپ قارىشىمىزدا، ئۇلارنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى بىلەن قانداق شۇغۇللىنىشىدا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ مەنىدە، ئەخلاق تەربىيىسىنى ئالىي مەكتەپ خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇش مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مەسىلە دېيىشكە بولىدۇ.

II

نۆۋەتتە، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مۇھىم قەدەملەر تاشلىنىپ نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئەمما، شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بەزى ئالىي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەكتەپلەردە رەسمىيەتچىلىك قىلىنىپ، ئۆتكەلدىن ئۆتكىچە ئەھمىيەت بېرىلسە، بەزى ئالىي مەكتەپلەردە نوقۇل ھالدا ئەقلىي جەھەتتىكى تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەخلاقىي تەربىيىگە سەل قارىلىدىغان خاھىشلار مەۋجۇت، يەنە بەزى ئالىي مەكتەپلەردە، ئەھمىيەت بېرىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى خىزمەت ياخشى ئىشلەنمەيۋاتىدۇ، پەقەت مەكتەپنىڭ ھۆججەتلىرىدە، رەھبەرلەرنىڭ دوكلاتلىرىدىلا تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىزدە تۈگىتىشكە تېگىشلىك خاھىش. چۈنكى، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى ئەسلىدىلا بىر ئاجىز ھالقا. بۇنىڭغا يۇقىرىدىكىدەك پايدىسىز ئامىللار قوشۇلسا، ئۇنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ، ئالىي مەكتەپ خىزمىتىدە ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىغا قاراشتا، ئۇنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن-ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىمىز. بۇ نۇقتىدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قايسى ئالىي مەكتەپ خىزمىتىدە ئەخلاق تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسا، شۇ ئالىي مەكتەپتىكى ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بۇ مەنىدە، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىدە، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتىشى لازىم.

ئەخلاق تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك خىزمەتنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىكى ئەخلاق تەربىيىسىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش. ئالىي مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىكى، بولۇپمۇ پارتكومنىڭ بۇ خىزمەتكە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىدىن ئىبارەت. مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە مەكتەپنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىدىغانلا بولسا، ئەخلاق تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئىككىنچى، مۇۋاپىق بولغان ئەخلاق تەربىيىسى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئالىي مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە، مۇۋاپىق بولغان ئەخلاق تەربىيىسى قوشۇنى بولمىسا بولمايدۇ. مۇۋاپىق بولغان ئەخلاق تەربىيىسى قوشۇنى قۇرۇلۇشى سىياسىي خادىملار قوشۇنى، نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى قوشۇنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تايانچ كادىرلىرى قوشۇنى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن ئىبارەت تۆت تەرەپتىكى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسى ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلغان، ئۇنىۋېرساللىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان تەربىيە خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن بىرنەچچە كىشىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغىلا تايىنىپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سىياسىي خادىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى چۈشىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى جەلپ قىلىپ، قابىل خادىملارنى سىياسىي خىزمەت قوشۇنىغا سەپلەپ، بۇ قوشۇننىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

نەزەرىيە خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشى دېگەندە، نەزەرىيە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپ ئىچىدە مۇكەممەل نەزەرىيە خىزمىتى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرنى مەكتەپ ئىچىدە ھەل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەق - ناھەق جەھەتتە ھەل بولىنىغان مەسىلىلەرنى جەمئىيەتكە ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە نەزەرىيە خىزمىتى قوشۇنىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىزمنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىزباسارلىرىدىن بولۇشقا يېتەكلەش لازىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تايانچ كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ئاكتىپ ۋە تايانچلىق رولىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئاڭلىقلىقىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ توغرا ئىدىيىسى، نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ۋە ئەلا نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردىن لاياقەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشتە، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ سىياسىي خاھىشى، ئىدىيىۋى پەزىلىتى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسىنى بەك ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەخلاق تەربىيىسىگە دائىر باشقا خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلمىسا، ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن كەسپىي تەربىيىنى بىرلەشتۈرىدىغان قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەم بىلىم بەرگۈچى، ھەم ئادەم تەربىيىلىگۈچى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رولىنى

ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئۈچىنچى، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسىنى ئېنىق تونۇش. مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسى ئالىي مەكتەپ خىزمىتىنىڭ تۈپ يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. ئەگەر بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنىڭ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بىز دەۋاتقان مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسى دەل سىياسىي يۆنىلىش تەربىيىسى مەسىلىسى بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يادروسىدۇر. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسى ئومۇمەن سىياسىي تەربىيە، ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىدىن ئىبارەت سىياسىي تەربىيە باشقا تەربىيىلەرگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىدە سىياسىي تەربىيىنىڭ يادرولۇق رولىدىن ئايرىلغاندا، ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن ئەخلاق تەربىيىسى ئۆزىنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سىياسىي نىشان تەربىيىسى ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن ئەخلاق تەربىيىسىگە سىڭدۈرۈلۈشى، سىياسىي تەربىيە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى لازىم.

يۇقىرىقىلار شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇكى، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسى بىردەملىك سىياسىي قىزغىنلىق ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، كەلگۈسى ئىزباسارلارنى

قانداق تەربىيىلەشكە بىۋاستە چېتىلىدىغان مۇھىم مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىدە، بۇ نۇقتىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك.

تۆتىنچى، ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش. ئىلمىي - سوتسىيالىستىك دۆلەت، ماركسىزم ئىلمىي ئىدېئولوگىيىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيە، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئاساسى. بۇ ئاساسنى تونۇش - تونۇماسلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش - بارالماسلىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئوقۇغۇچىلاردا بۇ ھەقتىكى بىلىم كەمچىل، نەزەرىيە جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش يېتەرسىز بولسا، ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ. چۈنكى، ماركسىزم نەزەرىيىسى، بىر تەرەپتىن، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇئەييەن ھەرىكەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى. ئەگەر ئوقۇغۇچىلاردا بۇ نۇقتا ئېنىق بولمىسا، نىشان جەھەتتە گاڭگىراش، ھەرىكەت جەھەتتە قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى پرولېتارىياتنىڭ ئىلمىي دۇنيا قارىشى، ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ تونۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىڭىسىنى ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قىممەت قارىشى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئالىي مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا يولۇققان ماركسىزمغا يات ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىنى يەڭگىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىدە، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش. ئالىي مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىشقا يېتەكلەش. ئوقۇغۇچىلارنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتناشتۇرۇشتىن مەقسەت ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، يەنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلەت ئەھۋالىنى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشىنىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئىگىلەش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى بىلەن تېخىمۇ ئوبدان تونۇشۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدىغان ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، قېلىپلاشقان بىر خىللا شەكىل يوق، شۇڭا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان مەزمۇن ۋە ئۇسۇللارغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەسىلەن، بىرىنچى يىللىقلاردا كوللېكتىپچىلىق ئىدىيىسى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام قارىشى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەربىي مەشىق بىلەن خالىسانە ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئىككىنچى يىللىقلارنى دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئۆز كەسپىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا جەمئىيەت تەكشۈرۈش بىلەن كەسپىي ئېكسكۇرسىيەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچى يىللىقلارغا ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش پراكتىكىسى ياكى كەسپىي پراكتىكىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ يۇقىرى يىللىقلاردا مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئونىۋېرسال ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى پەن تەتقىقاتى، پەن-تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە ئىجتىمائىي مەسلىھەت بېرىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، يۇقىرىقىلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن باشقا، يەنە ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تەكشۈرۈپ باھالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئىلمىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىدىغان پوزىتسىيىنى تىكلەش لازىم. ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشتا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە كەسپلىرى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى كافېدرالىرىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەخلاق تەربىيىسىنى دۆلەت ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئادەمنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەتقىقات بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە مۇھىم ئورۇنغا قويغىلى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**تەھرىرى: كۈرەش مەھمۇتجان**

# كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى رولى توغرىسىدا

ئابلەت مۇھەممەتنىياز

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتا، ئەخلاقنىڭ، بولۇپمۇ كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىملىقى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى كۈچلۈك سىنىپىيلىككە، ئاممىۋىلىققا، ئىلمىيلىككە ئىگە بىر خىل ئۇنىۋېرسال خىزمەت بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ توغرا كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرا ئىزچىللىشىشىغا ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

كوممۇنىستىك ئەخلاق — كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى. ئۇ ئەخلاقى كاتېگورىيىلەر ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كوللېكتىۋىزىملىقنى ئاساسىي يادرو قىلىدۇ. ئادەتتىكى ئەخلاق بولسا ئۇستقۇرۇلمىغا تەۋە ئالاھىدە ئاڭ شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان قائىدە - نىزاملارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەمەلىي ۋە غايىۋى ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بىر خىل ئەقلىي بىلىش بولۇپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى، ئىرادىسى ۋە ھەرىكەتلىرىگە چېتىلىدۇ.

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئابستراكت خىزمەت بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى توغرا نىشانغا يېتەكلەپ سىياسىينىڭ توغرا، ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان خىزمەت. ئۇ توغرا ئىستىل تىكلەش ئارقىلىق تۈرلۈك ناچار خاھىش ۋە ئىستىللارنى چەكلەپ، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە يەتمەكچى بولغان سىياسىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىز

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ رولىغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى كوممۇنىستىك ئەخلاق سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق مىزانى.

ئەخلاق جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش، ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش، ئەخلاقىي ئۈلگە تىكلەش، غايىۋى پەزىلەت يارىتىش، مەنىۋى ئېتىقاد تۇرغۇزۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ئادەمدە مەلۇم ئىدىيىۋى ئاڭ شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى بەلگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ئاساسلىقى تەڭشەش، تەربىيىلەش، بىلىش رولى ئارقىلىق مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ياكى سىنىپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئەخلاقنىڭ تەڭشەش رولى دېگەندە، ئەخلاقنىڭ كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇس ئالغان ھەرىكەتلىرىنى تەڭشەيدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، بۇنداق تەڭشەش ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئىتىنى ئورگاننىڭ ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ھەربىر شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى ياكى ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەخلاقنىڭ تەربىيىلەش رولى دېگەندە، ئەخلاقنىڭ ئەخلاقىي ئاڭ ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتنى يېتىلدۈرىدىغانلىقى، يەنى شەخسنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەيدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەخلاقنىڭ تەڭشەش رولى بىلەن تەربىيىلەش رولى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەخلاقىي تەربىيە كىشىلەردە كوممۇنىزملىق ئېتىقاد، پەزىلەت، ئادەت يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ئېستېتىك جەھەتلەردىن تەڭ تەرەققىي قىلغان، ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بولغان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ئەخلاقنىڭ بىلىش رولى دېگەندە، ئەخلاقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، غايىسى، قىممىتى، ئەھمىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ باشقا ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى ئەخلاق بىر قەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، پەقەت ئامما بۇلغانلىكى يەردە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەخلاق مەۋجۇت بولىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە جەمئىيەت بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشنىڭ تۈپ مىزانى كوممۇنىستىك ئەخلاق بولۇپ ئۇنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى تەكشى ئەمەس. بىز كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ئەخلاققا ئوخشاشلا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە خاس بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوبيېكتى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى ئەخلاققا نىسبەتەن بىرقەدەر تار بولۇپ، دەۋر خاراكتېرى كۈچلۈك، تەڭشەش ئوبيېكتى سىياسىي مۇددىئا بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

ئەخلاق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئەخلاقنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى رولىنى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ھەربىر ئادەم پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ئەخلاقنىڭ بىر خىل ھەرىكەت ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ

ھەربىر كەتلىرنىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقتا ئۈيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىغا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش - ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، پۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان بۇرژۇئاچە مەنپەئەتپەرەسلىك قارىشى بىر قىسىم كىشىلەر ئىدىيىسىدە خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ قالدى، بۇنداق خاتا كۆز قاراشقا قارشى كۈرەش قىلىشتا، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە بىلەن ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ رولى تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ رولىنى پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى توغرا يۆنىلىشكە ئىگە قىلىش لازىم. ئەخلاقىي تەربىيە كىشىلەرگە توغرا نىشان ۋە ئۇسۇل كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىگەندە، ئالدى بىلەن ئەخلاقىي تەربىيىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى كوللېكتىپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىر پۈتۈن كوللېكتىپ ئىچىدە تۇتقان ئورنىنى ۋە ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى تونۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

بىز ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى سۆز بىلەن قايىل قىلىش، يېتەكلەش، تەدرىجى سىڭدۈرۈش، تەقدىرلەش ۋە تەنقىدلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەرنى ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ پرىنسىپلىرىغا تايىنىپ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ياخشى ئۇسۇل - تەدبىرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ رولىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانساق، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلىرىدە چوقۇم تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز.

كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ تۈپ پرىنسىپى كوللېكتىۋىزملىق بولۇپ، ئۇ شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ئەخلاقىي ئۆلچەم. ئۇنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئۇنىڭ يادروسى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى شەخسنىڭ مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويۇشتىن ئىبارەت.

كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ تۈپ تەلىپى بويىچە ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، كوللېكتىپ ئىچىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتىنى يېتەكچى ئورۇنغا قويۇشنى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈشىمىز لازىم.

كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى رولىنى تونۇش بىلەن بىرگە، كوممۇنىستىك ئەخلاقىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاش سوتسىيالىستىك مەنىۋى - مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى. پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زور دەرىجىدە ياخشىلاش ئۈچۈن ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى**

www.uyghurkitap.com



# دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

ئەخمەت مامۇت

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلارغا دائىر قانۇنلىرىنىڭ ئابرويىنى قوغداش، ئۇنىڭ بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە چەت ئەللەر بىلەن ئەدلىيە جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى تۈزۈتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرى بايان قىلىنىدۇ

ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارا خاراكتېردىكى جىنايەتلەرمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە، جىنايەتچىلەر ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىغان جىنايەتلەرنى كۆپلەپ سادىر قىلماقتا. جىنايەتنىڭ خەلقئارالىشىشىغا ئەگىشىپ، جىنايەتكە قارشى تۇرىدىغان تەدبىرلەرمۇ خەلقئارالىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا جىنايى ئىشلار ئەدلىيىسى بويىچە ھەمكارلىشىش ئەھۋالى بارلىققا كەلمەكتە. بۇ نۆۋەتتە جىنايەتچىلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ قانۇن ۋە قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ئىناۋىتىنى، كۈچىنى قوغداش، خەلقئارالىق جەمئىيەتلەرنىڭ تەرتىپىنى ساقلاش، ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتلەر ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چەتكە چېتىشلىق دېلولارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قاتىللىق، ئوغرىلىق، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق قاتارلىق ئادەتتىكى جىنايەتلەر، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت ۋە ئايرۇپىلان بۇلاش، زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەتكەسچىلىكى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەتكەسچىلىكى، ئادەم ئېلىپ - سېتىش، تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق خەلقئارالىق زور جىنايەتلەرمۇ بار. بۇ خىل چەتكە چېتىشلىق جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاساسەن، دۆلىتىمىز ئالاقىدار

دۆلەتلەرنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن ياكى ئالاقىدار دۆلەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىز بۇ خىل ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ھەق تەلەپ ئىشلىرى، سودا ئىشلىرىغا دائىر چەتكە چېتىشلىق دېلولار توغرىسىدا ئايرىم قانۇنلارنى تۈزدى ۋە مەخسۇس بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چەتكە چېتىشلىق جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە دائىر بەزى ئايرىم قانۇنلارنىمۇ تۈزدى. لېكىن «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» قاتارلىق ئاساسلىق قانۇنلارغا بەزى مۇناسىپ تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش يەنىلا بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ھال دۆلىتىمىز بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، دۆلىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ جىنايى ئىشلار جەھەتتىكى ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىشكە پايدىسىز. شۇڭا، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، چەتكە چېتىشلىق جىنايى ئىشلارغا دائىر قانۇنلارغا زۆرۈر بولغان تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چەتكە چېتىشلىق جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى دەل ۋاقتىدا توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى ۋە شۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارالىق ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتنى نورمال راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمىنى ئورنىتىش دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخى يېڭى باشلىنىش بولغاچقا، دۆلىتىمىزدە جىنايى ئىشلار بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنغان خەلقئارا ئەدلىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمىدە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. تۆۋەندە بۇ مەسىلىلەر ئىچىدىكى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ يۈزەكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا دائىر قائىدىلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى خەلقئارا قانۇن قائىدىلىرى ۋە خەلقئارا شەرتنامىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك.**

خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى دېگىنىمىز، ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنايى ئىشلار دەۋا پائالىيىتى جەريانىدا بەزى دەۋا پائالىيەتلىرىنى بىر - بىرىگە ۋەكالىتەن ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىنىڭ دائىرىسى ۋە شەكلى تەدرىجىي كېڭەيگەن ۋە كۆپەيگەن بولۇپ، دەسلەپتە پەقەت جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. ھازىر بولسا كۆپ خىل دەۋا ئىشلىرىغا كېڭەيدى.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ھەق - تەلەپ ۋە سودا ئىشلىرى جەھەتتىكى ئەدلىيە ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. دۆلىتىمىز 1990-يىلى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى» دا خەلقئارا ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا دائىر مەخسۇس بەلگىلىمىلەرنى چىقارغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بەزى خەلقئارا شەرتنامىلەرنى ئىمزالىغانلىقى ئۈچۈن، دۆلىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ بىر تەرەپ قىلغان دېلولىرىنىڭ سانى ناھايىتى تېز ئاشتى. سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ بىر تەرەپ قىلغان دېلولىرى 1990-يىلى 6، 1991-يىلى 4 بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا، 1992- يىلى 172 گە، 1993- يىلى 428 گە يەتكەن، دېمەك، ھەق - تەلەپ ئىشلىرى بويىچە خەلقئارا ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغاچقا ۋە خەلقئارا شەرتنامىلەر ئىمزالانغاچقا، چەتكە چېتىشلىق ھەق - تەلەپ دەۋاسىغا دائىر دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى خەلقئارا ھەمكارلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. لېكىن دۆلىتىمىزدە جىنايى ئىشلار بويىچە خەلقئارا ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا دائىر قانۇن بەلگىلىمىلىرى يەنىلا يېتەرسىز بولغانلىقتىن، دۆلىتىمىزنىڭ چەتكە چېتىشلىق جىنايى ئىشلار جەھەتتىكى ئەدلىيە ھەمكارلىقى مەلۇم چەكلىمىلەرگە ئۇچرىماقتا. ھەمكارلىشىش ئوبيېكتى جەھەتتە ئاساسەن دۆلىتىمىز بىلەن چېگرىداش دۆلەتلەر ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىلەن بىۋاستە ئەمەس، بەلكى خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى ئارقىلىق ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. ھەمكارلىشىش شەكلى جەھەتتە يەنىلا دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ ئېلىش، ئەدلىيە ھۆججەتلىرىنى ۋەكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ، جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش يوق دېيەرلىك بولماقتا. دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە قاتناشتى، بەزى دۆلەتلەر بىلەن جىنايى ئىشلار خەلقئارا ئەدلىيە ھەمكارلىقى توسىنى ئالغان ئىككى تەرەپلىك شەرتنامىلەرنىمۇ ئىمزالىدى. لېكىن بۇ شەرتنامىلەرنىڭ جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى يەنىلا ئىنتايىن چەكلىك بولماقتا. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئەدلىيە ھۆججەتلىرىدىمۇ جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا دائىر مەخسۇس بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1987- يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان «جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى تۈزۈشكەن ياكى قاتناشقان خەلقئارا شەرتنامىلەردە بەلگىلەنگەن جىنايى قىلمىشلارغا قارىتا جىنايى ئىشلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» قاتارلىق قانۇنلار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قارار دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش دائىرىسىنى تولۇقلىدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، زېمىن تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى، دۆلەت تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى ۋە قوغدىنىش خاراكتېرلىك باشقۇرۇش تەۋەلىكى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئومۇمىيلىق باشقۇرۇش تەۋەلىكى بەلگىلەنمىگەن ئىدى. ئەمما بۇ قاراردا يۇقىرىقى ئۈچ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئاساسىدا خەلقئارا جىنايەتچىلەرگە قارىتا ئومۇمىيلىق باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بەلگىلەنگەن. يەنى ئۇنىڭدا، خەلقئارا ئەھدىنامىلەردە بەلگىلەنگەن خەلقئارالىق جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرنى قايسى دۆلەت تەۋەلىكىدە بولغان، قانداق جايدا جىنايەت سادىر قىلغان ياكى قايسى دۆلەتنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى تەرۇز قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۆلىتىمىز قولغا چۈشۈرسىلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇلارغا قارىتا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ياكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلىشىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ قارار ئەدلىيە ئورگانلىرىمىزنىڭ خەلقئارالىق جىنايەتچىلەرنى ئۈنۈملۈك جازالاش ۋە خەلقئارالىق جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنىڭ قانۇنىي ئاساسى. لېكىن، بۇ قارارنىڭ مەزمۇنى قىسقىغىنە بىر جۈملە سۆزگىلا يىغىنچاقلانغان بولۇپ، بىر قانچە خەلقئارا ئەھدىنامىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى قوشۇمچە كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بۇ قارارنىڭ مەزمۇنى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇلمىغان. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان جىنايى ئىشلار قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، بۇ مەسىلىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

چەتكە چىتىشلىق جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى تۈزۈمى جەھەتتە دۆلىتىمىزدە «چەتكە چىتىشلىق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (1987- يىل)، «جۇڭگو - چەت ئەل ئەدلىيە ھەمكارلىقى كېلىشىملىرىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (1988 - يىل) قاتارلىق قانۇنىي ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن «جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى قانۇنى»، «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» تېخى تۈزۈپ چىقىلمىدى. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا چەتكە چىتىشلىق دېلولارغا دائىر تەرتىپلەر مەخسۇس باب ئارقىلىق بەلگىلەنمىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ چەتكە چىتىشلىق جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىغا دائىر بەلگىلىمىلىرىنىڭ مەزمۇنى تارقاق بولۇپ، خەلقئارا قانۇننىڭ قائىدىلىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلمىغان. شۇڭا «جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقى قانۇنى»، «ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى» قاتارلىق مەخسۇس قانۇنلارنى چىقىرىش ۋە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دا چەتكە چىتىشلىق تەرتىپلەر بەلگىلەنگەن مەخسۇس بابنى تەسىس قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا دائىر قائىدىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى خەلقئارا قانۇننىڭ قائىدىلىرى ۋە خەلقئارا شەرتنامىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

**2. بەزى مۇناسىۋەتلىك جىنايەتناملىرىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان جىنايەتنىڭ جازامۇددىتى ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىپ، خەلقئارا جىنايى ئىشلار ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش كېرەك.**

ئەدلىيە ھەمكارلىقى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ ئابرويىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم. ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئابرويىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن ياكى چەت ئەللىكلەردىن چەت ئەلدە تۇرۇپ مەزكۇر دۆلەت ياكى مەزكۇر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىغا قارىتا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، جىنايەتچىنىڭ قايسى دۆلەت تەۋەلىكىدە بولۇشىدىن ۋە جىنايەتنىڭ قانداق جايدا سادىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەزكۇر دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تەتبىقلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ (دۆلىتىمىزمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ھەمكارلىقىغا باغلىق. لېكىن جىنايى ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى ۋە جىنايى جازانىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى جەھەتتىكى پەرق ئالاقىدار دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدلىيە ھەمكارلىقىغا توسالغۇ بولماقتا. مەسىلەن، «سىياسي جىنايەت» نى ئالساق، بۇ بىر ئابستراكىت ئۇقۇم بولۇپ، مەلۇم بىر جىنايەتچىنىڭ سىياسي جىنايەتچى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى؛ مەلۇم بىر جىنايەتتە سىياسي ئامىلنىڭ بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىش پۈتۈنلەي بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئىش. دۇنيادىكى زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، زېمىن پۈتۈنلىكى ۋە ئىچكى - تاشقى ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلار «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى»، «دۆلەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى»، «ئىچكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش

جىنايىتى» ، «ۋەتەن ساتقۇچلۇق جىنايىتى» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بۇ خىل جىنايەتلەر «ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل جىنايەتلەرنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن «ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت» نىڭ سىياسىي خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغاچقا، چەت ئەللەر، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلەرگە چېتىلغان دېلولاردا دۆلىتىمىز بىلەن ئەدلىيە جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى خالىمايدۇ. بۇ ئاددىي ھالدىكى جىنايەت نامى مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ دۆلىتىمىز بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنايى ئىشلار بويىچە ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلىشىش مەسىلىسىگە بىرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت» نامىنى «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى» ياكى «دۆلەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، جىنايەت نامىنى ئۆزگەرتىش ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلگەنلىك ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەرنىڭ پايدىلىق نەرسىلىرىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئەينەك قىلىش مەسىلىسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئاساسىي پرىنسىپ، جىنايەت نامىنى ئۆزگەرتىش باشقىلارغا بېقىنغانلىقمۇ ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تولۇق كۈچكە ئىگە قىلىشقا يەنىمۇ كاپالەتلىك قىلىش، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش، بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئامىل تۈپەيلىدىن ياكى سىياسىي جىنايەتچى دېيىلىپ، تېگىشلىك جىنايى جازاغا تارتىلماي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلىتىمىز بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنايى ئىشلار بويىچە ئەدلىيە ھەمكارلىقى جەھەتتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈندۇر.

خەلقئارا قانۇننىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىدىكى «ئوخشاش بولۇش پرىنسىپى» غا ئاساسلانغاندا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان جىنايەتچى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان دۆلەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان دۆلەتتىن ئىبارەت ئىككىلا دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا، ئالاقىدار ئىككى دۆلەت ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلىشىشقا بولىدۇ، لېكىن جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان جازا ئۆلچىمى جەھەتتىكى پەرق ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلىشىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. دۇنيادىكى زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆز دۆلىتى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىغا قارىتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىتا ئۆز دۆلىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تەتبىقلاشتا بىر يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئۆلچەم قىلىنغان. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 5 - ۋە 6 - ماددىلىرىغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز پۇقرالىرى ۋە چەت ئەللىكلەردىن دۆلىتىمىز تەۋەسىنىڭ سىرتىدا دۆلىتىمىزگە قارىتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش ئۆلچەم قىلىنغان. ئۆتكۈزۈپ

بىرلىدىغان جىنايەتچىلەرگە بىرلىدىغان جازا مۇددىتىنىڭ بۇنداق بەلگىلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ جىنايەتچىلەرنى چەت ئەللەردىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىشىغا پايدىسىز. دۆلىتىمىز چەت ئەللەر بىلەن بولغان جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش، قانۇن جەھەتتىكى توسالغۇلارنى ئازايتىش ۋە تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۆتكۈزۈپ بىرلىدىغان جىنايەتچىلەرگە بىرلىدىغان جازا ئۆلچىمىنى بىر يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا تۆۋەنلىتىشى لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۆلىتىمىز تايلاند قاتارلىق بەزى دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن «ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى» دە بىر يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تولۇقلىنىشى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىشنىڭ قانۇني ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ يەردە جازا مۇددىتى جەھەتتە بىردەك بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. دۆلەتلەر ئۆزئارا ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلاشقاندا ياكى بۇنىڭغا دائىر مۇجەتلەرنى ئىمزالىغاندا، دائىم ئۆز قانۇنىنى ئاساس قىلىش كويىدا بولىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا دۆلىتىمىز چەت ئەللەر بىلەن ئەدلىيە جەھەتتىن ھەمكارلىشىشقا دائىر شەرتنامىلەرنى ئىمزالىغاندا، چەتكە چېتىشلىق جىنايەتچىلەرگە بىرلىدىغان جازا مۇددىتىنى زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر قوللىنىۋاتقان قائىدىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزئارا يول قويۇش ئاساسىدا بىر يىل قىلىپ بەلگىلىسە، بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇشىغا ۋە ئۇنىڭ ئابرويىنى قوغداشقا پايدىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالاقىدار جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ دۆلىتىمىزگە قايتۇرۇپ كېلىشكىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 5 - ۋە 6 - ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، چەتكە چېتىشلىق جىنايەتچىلەرگە بىرلىدىغان جازا مۇددىتىنى بىر يىل قىلىپ بەلگىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، چەت ئەللەر بىلەن جىنايى ئىشلار جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كەڭ قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ.

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى

www.uyghurkitap.com



# ئودغۇرمىش ئوبرازى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل

ھىمىت مەخسۇت

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئودغۇرمىش ئوبرازى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، مۇئەللىپ ئىدىيىسىدە ئەكس ئەتكەن دەۋر چەكلىمىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى بار. ئۇلارنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ سالمىقى بىلەن يالغۇز دۆلىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت سەھنىسىدە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ جەۋھەرلىرى قاتارىدا نۇر چاقنىتىپ تۇرغان چوڭ ھەجىملىك داستان - «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ ئۆچمەس تۆھپىسىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر.

بۇ داستان ئەمگەكچان، باتۇر، سەمىمىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم دۇنياغا كەلگەن بەدىئىي نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي ھايات فورماتسىيىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىب شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن، شۇنداقلا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان، رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان چوڭ ھەجىملىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق قاراخانىلار دەۋرىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھاياتنى نوقۇل ھالدىكى پەند - نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى، ئېپىك بايان، كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان لىرىكىلىق ئامىللار، پەلسەپە بىلەن يۇغۇرۇلغان دراماتىك توقۇنۇش، گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرلىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر، پەلسەپىۋى تەپەككۇر، كونكرېت پېرسوناژ خاراكتېرى قاتارلىق ئەدەبىي ئۇسۇل ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. داستاننىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە ئارتۇقچىلىقلىرى نۇرغۇن ماقالە - ئەسەرلەردە خېلى چوڭقۇر مەدھىيىلەندى. بۇ ھەقتە ئارتۇقچە توختالمايمەن.

بىراق، مۇئەللىپنىڭ ياشىغان دەۋرى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە ئىجتىمائىي ھايات گۈللىنىش دەۋرىدىن خارابلىششقا قاراپ يۈزلىنىپ، بۆرۈختۇم ھالغا چۈشكەن، فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە جەمئىيەت

چىقىش يولىنى تاپالماي چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ، گۈللىنىش ئورنىنى ئاستا - ئاستا چۈشكۈنلىشىش، چىرىكلىشىش، يىمىرىلىش ئىگىلىۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەللىپ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئەمەلدار بولغاچقا، شۇنىڭدەك تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىگەن. مۇئەللىپنىڭ بۇ قىسمەن ئاجىزلىقلىرى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسى سىڭدۈرۈلگەن تۆت پېرسوناژ ئىچىدىكى قانائەت سىمۋولى — ئودغۇرمىشنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە ئېنىق ۋە خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

ئودغۇرمىش داستاندىكى تۆت پېرسوناژ ئىچىدە نىسبەتەن ئالاھىدە ۋە مۇرەككەپ پېرسوناژ بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، پىكىر قىلىشى، ھەرىكىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، تالىلىۋالغان ھايات يولى قاتارلىقلاردىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ چۈشكۈن كارتىنىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئودغۇرمىش ئۈچ نەرسىدىن ۋاز كېچىدۇ:

بىرىنچى، ئۇ رېئال كىشىلىك دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تاغقا چىقىپ، ئۆزى يەككە - يىگانە ھالدا خۇداكويلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەركىدۇنيالىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولغان ئىلىگ (خان) ئودغۇرمىشنى ئوردىدا خىزمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ نەچچە رەت چاقىرتقان بولسىمۇ، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ:

3338 كى كۆردۈم بۇ يەردە دىنىم خوپلۇغى،
بۇ يەردە كۆرۈندى ئۆزۈم خوپلۇغى.

3339 شۇڭا كەلدىم ئەمدى بۇ يەرگە يۈرۈپ،
قىلاي ھەققە تائەت دەپ يالغۇز بولۇپ.

3340 بۇ دۇنيا ئىشىگە چېتىلغان كىشى،
قىلالماس تائەتلەر ئۇ دۇنيا ئىشى.

ئىككىنچى، ئودغۇرمىش مەنسەپتىن ۋە يۇقىرى مەرتىۋىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە تونۇلغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان شەخس بولغاچقا، خان ئۇنى ئوردىغا كېلىپ ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئىشلەپ، يوقسۇز پەقىرلەرگە يار - يۆلەك بولۇشقا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

3257 ئەي ئودغۇرمىش ئەمدى چاقىردىم سېنى،
ئۆز نەپسىڭ ئىستەركەن دەپ قالما مېنى.

3258 كېلۇر سەن ئەگەر پايدىسىدۇر ساڭا،
مەگەر كەلمەسەڭ، يوق زەرەرى ماڭا.

3261 كۆمەكلەش ماڭا، بول مېنىڭ بىرلە سەن،
پەقىرلەرنى يۆلە مېلىڭ بىرلە سەن.

ئودغۇرمىش ئىلىگنىڭ ئۆزىنى ئوردىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوردىغا بېرىشنى ناھايىتى كەسكىن رەت قىلىپ:

3695 كېچىپ دۇنيادىن ئۆزۈم كەلدىم بۇيان،
يەنە مەن نېچۈكمۇ بارايمەن ئۇيان.

3696 خۇدا تائىتىگە بېغىشلاپ ئۆزۈم،
كىشىگە تېۋىنسام يارارمۇ، تۇزۇم؟①

دېيىش ئارقىلىق رىتۇرىك سوراق ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ يولىدىن يانمايدىغانلىقىنى، ھەتتا دۇنيادىن كېچىپ، بارلىقىنى خۇداغا ئاتاپ تائەت

① تۇزۇم — ئېسىل تەبىئەتلىكىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىبادەت قىلىشقا ئاتالغان يېرىدىن قايتىپ، كىشىگە چوقۇنسا تەبىئىتىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە:

3748 ساڭا ياسىنىڭ ئىشىڭگە بېرىپ،
نېمىنى تىلەرمەن ھاياتنى بېرىپ؟

3749 خۇدانىڭ قۇلى بىز ھەر ئىككىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش مەرتىۋىدە بىز.

دېيىش ئارقىلىق خانغا: ئىككىلىمىزنىــــى خۇدا ياراتقان، خۇدانىڭ ئالدىدا ئىككىلىمىــــزنىـــڭ مەرتىۋىسى ئوخشاش، شۇنداق تۇرۇقلۇق سېنىڭ ئالدىڭغا بېرىپ ھاياتىمنى زايا قىلىش ئورنىغا نېمە تىلەيمەن؛ ئەگەر ھاياتلىقنى، ياشلىـــقنىـــى، سالامەتلىكنى، بايلىقنى سەن بېرەلىسەڭ، مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بويىچە ئىش قىلىپ، سېنىڭ پېدايىڭ بولاي، لېكىن بۇ سېنىـــڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، بۇ پەقەت خۇدانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، دەپ خانغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

3759 ماڭا بەرسەڭ ئەگەر شۇلارنى ئەي خان،
بېرىپ قول ساڭا قۇل بولاي مەن ھامان.

3760 بۇلارنى بېرىشكە كۈچۈڭ يەتمىسە،
نېمە ئارتۇقلۇقۇڭ بار، ئېيت ئەمىسە؟

ئۈچىنچى، ئودغۇرمــــىش مال ـ دۇنيادىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇ «دۇنيانىڭ ئەيىبلىرى» نــــى بايان قىلغاندا: ھەممە ئادەم يالىـــڭاچ تۇغۇلدى، يەنە يالىڭاچ كېتىدۇ؛ بۇ ئىككــــى كۈنلۈك ئالەمگە ھەممىمىز قونۇق بولغۇچى، شۇڭا جاپا چېكىپ مال ـ دۇنيا تېپىشنىڭ ھاجىتى يوق؛ مال ـ دۇنياغا ئالدىنىپ جاپا چەككىنىـــڭ قالــــدۇ، ئۆلۈپ تۈگەيسەن، دېيىش ئارقىلىق مال ـ دۇنيانىـــڭ ۋاپاسىز، بەختنىڭ قارارسىز، ئۆلۈمنىڭ مۇتلەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ:

3616 ھەرقانچە يىغارسەن دۇنيا، مال ـ مۈلۈك،
ئىككى بۆز تېگەدۇر ساڭا بەلگىلىك.

3617 پەقىر ـ باي بۇ ئىككى ئۆلۈمدىن كېيىن،
باراۋەر بولۇرلەر قارا يەر قېتىن.

ئودغۇرمىش، ھەرقانچە مال ـ دۇنيا يىغساڭمۇ ئاخىرىدا ساڭا تېگىدىغىنى ئىككى بۆز (ماتا)؛ قارا يەر تېگىگە كىرگەندىن كېيىــــن ھەممە ئادەم ئوخشاشلا ئىككى ماتاغا ئورىلىپ ياتىدۇ؛ تاپقان مال ـ دۇنياسى قالىدۇ؛ شۇڭلاشقا تىرىك ۋاقتىـــڭدا بەدىنىڭ ئوچۇق قالمىغــــدەك يېپىــــنچىـــغا، قورسىقىڭ تويغۇدەك ئوزۇققا ئىــــگە بولساڭ، شۇنىڭغا شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ، خۇداغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئىستىقامەت قىـــلـــــپ ئۆتۈشۈڭ كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا بۇ ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق تۈزۈم يېتىشتۈرگەن تىپىك فېئوداللىق ئىدىيىنىــــڭ ئىنكاسى. لېكىن شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئودغۇرمــــىش رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنيالىقنى تاللىۋالغان زاھىـــت بولسىمۇ، بېشىغا كۆلا، ئۈچىسىغا جەندە كىيىپ، مازارلىقنى ماكان تۇتۇپ يۈرىدىغان، چاچ ـ ساقىلى بىرلىشىپ كەتكەن ئالۋاستى سۈرەتلىك نەشكەش سوپىست ئەمەس. ئۇنىـــڭ رېئال تۇرمۇش مەنتىقىسى ئەكس ئەتتۈرگەن پىكىرلىرىدىكــــى چوڭقۇر پەلسەپۋى مەنە فېئوداللىزم ئاسارىتىدە تىــــز پۈكمەي قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دانا

موتەپەككۇرنى كۆز ئالدىمىزدا سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئەڭ يېقىن دوستى ئۆگدۈلمىشكە قارىتىپ ئىرادىلىك بولغاندىلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە:

3702 كىشى ماڭسا مەقسەتكە ئۈمىدلىنىپ،
تىلەككە يېتەر، يولدا قالماس ھېرىپ.

3703 تىلەككە يېتىشكە ئەر بولسا دادىل،
ھېرىپ قالماي، بولۇر مەقسەتكە نائىل.

دەپ ئىلھام بېرىپ، خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، سەن بۇ يولدا مېڭىشنى داۋام قىل دەپ پەند - نەسىھەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىزمنىڭ بۇرۇقتۇم ھالەتتىكى ئىس - تۈتەكلىرىنى يېرىپ چىقىۋاتقان ئىلغار ئىدىيىنىڭ ئۇچقۇنى بولۇپ، دانىشمەن، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، مۇئەللىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تۆرلۈك زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلىش گىرۋىكىگە بېرىپ قالغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، داستاندىكى تۆت پېرسوناژنىڭ سۆھبىتى، سوئال - جاۋابى، مۇنازىرىسى، پەند - نەسىھەتلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئەينەن ۋە دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلەتنى قانداق تۈزەش ۋە دۆلەتنى، جەمئىيەتنى نېمە ئارقىلىق، قانداق باشقۇرۇش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى دانا پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دانا پىكىرلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ ناھايىتى زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن مۇئەللىپ ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ شەخس بولغاچقا، داستاندىكى تۆت پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقاندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە شۇ دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. شۇڭلاشقا بىز داستاننى ئوقۇغاندا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىشىمىز، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۆھپە كەلكۈندە لەيلەپ يۈرمەستىن، يېڭىلىق يارىتىپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئىز قالدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى

www.uyghurkitap.com



# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

غەيرەتجان ئوسمان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئارخېئولوگىيىلىك ئاساسلار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدا ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بۇلارنى يىغىنچاقلاپ تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل قاراشقا مەركەزلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى شەرقتە دەپ قارايدۇ. بۇنى ئادەتتە «شەرقپەرەسلىك پىكىر ئېقىمى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭ مەدەنىيىتى غەربتىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. ھەتتا بەزىلەر، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىمۇ غەربتىن كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى سۈپىتىدە فرانسىيىلىك ت. د. لاكوۋپېرنىڭ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ غەربتىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە»، گروستىنىڭ «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، شۋېتسىيىلىك ئاندىرسوننىڭ «جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردا جۇڭگو ئالىملىرىدىن گومورو، سېن جۇڭيەن قاتارلىقلارمۇ بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىدە بولغان. بۇنى ئادەتتە «غەربپەرەسلىك پىكىر ئېقىمى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ئۆز تۇپرىقىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ. بۇنى «ئارىلاشما مەدەنىيەت نەزەرىيىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

بىز يۇقىرىقى قاراشلارغا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋال «مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟» دېگەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ ئۆتەيلى. «مەدەنىيەت» بىر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەرپا قىلىنغان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ يىغىندىسى. مەدەنىيەتشۇناسلار مەدەنىيەتنى كەڭ ۋە تار مەنىدە ئىزاھلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى ماددىي

مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەپ ئايرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى يىراق قەدىمكى زاماندىلا يارلىققا كەلگەن ۋە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىستېمال قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى. ئەنگلىيىلىك ئانتروپولوگ ئى. ب. تايلور 1871 - يىلى ئېلان قىلغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابىدا تۇنجى قېتىم «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «كەڭ مەنىدىكى ئىرق نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت بىر مۇرەككەپ ئومۇمىي گەۋدە. ئۇ بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، ئەخلاق، قانۇن، ئۆرپ - ئادەت ھەم جەمئىيەت ئەزالىرى ئېرىشكەن بارلىق قابىلىيەت ۋە ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

خەنزۇچە ئوكيانۇسنىڭ 1983 - يىللىق نەشرىدە، مەدەنىيەت «كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەرپا قىلىنغان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى. تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىنى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۈزۈم ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. مەزكۇر ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ۋە يورۇتۇلىدىغان مەدەنىيەت ئۇقۇمى كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق يارىتىلغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى قەيەردە بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇ كېيىنكى زامانلاردا قانداق مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە زورىيىپ، تەرەققىي قىلغان، دېگەن مەسىلىدە ئۇزۇندىن بېرى مۇنازىرە بولۇپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى شىنجاڭدا كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. مەسىلەن، فاڭ يىڭجى «شىنجاڭدا ئىنسانلارنىڭ تارىخى 50 مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغان» دېسە، فېي ۋېنجوڭ «جۇڭگونىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەزگىلى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە «ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل ھەم شىنجاڭ رايونىدا كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپلا ئوتتۇرا تاش قورال ھەم يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئۆتۈش بولغان. مىس قوراللار دەۋرىگىچە ئىنسانلار داۋاملىق پائالىيەت قىلىپ تۇرغان» دەيدۇ. 1979 - يىلى 9 - ئايدا جياليەنپۇ ئەپەندى شىنجاڭ رايونىنىڭ 4 - دەۋر گېئولوگىيىسى ۋە مۇزلۇقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «شىنجاڭ رايونىدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلىنىشى ياكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بايقىلىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ - يوق؟ مەن بار دەپ قارايمەن. ئۇلار مەيلى شەرق، مەيلى غەربتە بولسۇن، ھەممىسىدە بايقىلىۋاتىدۇ. بۇنى ئىزاھلاشتا بىزدە قىيىنچىلىق يوق» دەيدۇ. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللانغان ۋاڭ بىڭخۇا مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ- نىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى بولغان، يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى بەزى جايلاردىن كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرىنى بايقىدى.» يېقىنقى يىللاردىن بېرى «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەك ئەۋرىشكىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمكاھلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بايقىلىشى يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى زۆرۈر ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەدەنىيەتشۇناسلار ئارىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىققان جايلىرىدىن بىرى، دېگەن كۆز قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇشۇ يەردە كېلىپ چىققان، دېگەن كۆز قاراشمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس ل. خ. مورگان XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى

www.uyghurkitap.com

سىرىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ئويمانلىقى ئاستىغا كۆمۈلۈك، كىمكى بۇ ئاچقۇچنى تاپىدىكەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. نەن شياڭخۇڭ، لىيۇ ۋېيلار «تارىخىمىزنى يوقىتىۋېتەمدۇق؟» دېگەن ماقالىسىدە بۇ قاراشنى تولۇقلاپ، «بەلكى قەدىمكى تارىم كۆلى (لوپنور كۆلىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن) ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ دۇنياغا كەلگەن جاي بولۇشى مۇمكىن» دەپ يېزىشقان. ئامېرىكا ئوكلاخوما داشۆسىدىكى ۋ. كارت بىلەن توم دىل «تۇپراق ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللار ئەتراپىدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا بارلىققا كەلگەن. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى خۇاڭخې ئېقىمى بويلىرىدىكى سېرىق تۇپىلىق ئېدىرلىقلاردا، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى تارىم ئويمانلىقىدا راۋاج تېپىپ، ئاندىن شىمالىي جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان» دەپ يېزىشقان.

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە بولغان تەسىرى توغرىسىدا ئامېرىكىلىق ئالىم مىگوۋىن مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ياۋروپا ھەتتا ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە، بىز بۇنى مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك.»

بىز، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بارلىققا كەلگەن، كېيىن، ئەتراپتىكى قوشنا رايونلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، يۈكسەك بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشنا رايونلار مەدەنىيىتىگىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تەسىرىنى كۆرسەتكەن، دەپ قارايمىز. بىز بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىكى ھەققىدە توختىلىمىز. ئارخېئولوگلار نەچچە ئون يىللىق جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق شىنجاڭدا كونا، ئوتتۇرا ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە خاس خارابىلەرنى ۋە تاش قوراللارنى تېپىپ چىقتى. بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان قاش تېشى بۇيۇملىرىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى. بۇلار بىزنى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، شەكىللىنىشى، خاسلىقى جەھەتتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە برونزا قوراللار دەۋرى، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار ۋە كېيىنكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى، كۆپ جايلاردىن سىدام ۋە رەڭلىك ساپاللار تېپىلدى. بىز بۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىدىغان ۋە سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىدىغان بولساق، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ مۇشۇ تۇپراقتا ياسىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ كېيىنكى زامان مەدەنىيىتىگە ئاساس بولغانلىقىدا شۈبھە يوق.

ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ بىرقانچە پىرىك تارماقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە شىنجاڭغا پايدىلىق نۇرغۇن تەرەپلەر بار. ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا كەشىپ بولغان، ئالماشتۇرۇش — سودا تىجارەت ئەڭ دەسلەپ چارۋىچى كۆچمەن خەلقلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ كۆرسەتكەن. ئامېرىكىلىق ئالىم ئىساك ئاسىموۋنىڭ «قاتناش ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئات ئۇلاقتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن ئىكەن.

تۆۋەندە، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى مۇشۇ تۇپراقتا بارلىققا كەلگەن، دېگەن قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بارلىققا كەلگەن، ئەمما ئېلىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىدا تەڭدىشى بولمىغان بىر قاتار مەدەنىيەت يالداملىرىنى بىر بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 1. زىرائەت، ئۆسۈملۈك ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەر

بىرىنچى، بۇغداي. مەملىكىتىمىزدە بۈگۈنكى كۈنگىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق (خەنزۇچە گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى، ئۇيغۇرچە ئۆردەكلىك قەبرىستانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ) تىن تېپىلغان. ئۇنىڭ ۋاقتى بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. «خەلق گېزىتى» نىڭ 1981 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى سانىنىڭ 1 - بېتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىدە، بۇ بۇغداي ئەۋرىشكىسى چىققان قەدىمكى گۆرلۈكنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 6470 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، دېيىلگەن.

بۇغداي كۈزگى بۇغداي ۋە يازغى بۇغداي دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. گويىگۇڭ «تەپسىلى تەزكىرە» (郭义恭《广志》) دېگەن كىتابىدا «يازغى بۇغداي، 3 - ئايدا تېرىلىدۇ، 8 - ئايدا پىشىدۇ، غەربتىن چىقىدۇ» دەپ يازغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (420 — 581) دە قوچۇدىكىلەر «ئاق بۇغداي ئۇنى» (白麦面) نى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرگە تەقدىم قىلىدىغان ماللارنىڭ بىرى قىلغان. دېمەك، يازغى بۇغداينى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىدىكى مىللەتلەر ئەڭ دەسلەپ ئۆستۈرگەن.

ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار شۇنداق قارايدۇكى، خۇاڭخې دەرياسى ساھىلىدە تېرىق بىلەن بۇغداينى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ، ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم پىشىرىش مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (1368 — 1911) دە شەكىللەنگەن بىر خىل ئۇسۇل بولسىمۇ، بىراق، شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدا ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (220 — 581) دىلا تېرىق، بۇغداينى تەكرار تېرىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان، يەنى «تېرىق، بۇغداينى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى ئەڭ دەسلەپ قوچۇدا بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس، تەبىئىي شارائىتنىڭ ماسلىشىشىدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۇزاق يىللىق بۇغداي تېرىش ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى بۇغداي تېرىش كۈزگى بۇغداينى مەركەز قىلغان نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلىنى بىر قەدەر ئوڭاي راۋاجلاندۇرغان.

**ئىككىنچى، نان ۋە ئۇن يېمەكلىكلىرى، تۈگمەن.** نان ـ پارسچە سۆز بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان. نان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەتمەك» دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش جەريانىدا قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە تېرىق قاتلىمىسى بايقالغان. شۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان باشقا ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. يەنە 1969 - يىلىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدىن 1400 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بۇغداي ئۇنىدىن ياسالغان ۋە شەكلى، نۇسخىلىرى ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىۋاتقان نانغا ئوخشايدىغان بىر دانە نان ئەۋرىشكىسى تېپىلغان. يەنە جۇۋاۋا، چۆچۈرە، ھەر خىل توقاچ، كېپەك، سامان قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇنلۇق يېمەكلىكلەر قاتلىما، «غوزقاتلىمىسى» «胡饼» دەپ ئاتالغان. غوز قاتلىمىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدا تارقالغان بولغاچقا، «غوز قاتلىمىسى» دېيىلگەن. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىن، قىزغىن قارشى ئېلىنغان. «خەننامەنىڭ داۋامى» (续汉书) دا «لىڭ دى پادىشاھ غوز قاتلىمىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئاستانىدىكى ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى غوز قاتلىمىسى يەيتتى» دېيىلگەن. چى سىخې ئەپەندى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى» دېگەن

www.uyghurkitap.com

ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «غەربىي يۇرتتىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەڭ دەسلەپ تۈگمەن ئۈندا توقاچ ئېتىش ھۈنىرىنى ئىگىلىگەن، بۇ ھۈنەر كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يېمەكلىك ئۇسۇلىنى بىر قەدەر ئىلگىرى سۈرگەن.»

يىرىك ئاشلىقلارنى ئۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يارغۇنچاق ۋە تۈگمەن بولۇشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا يارغۇنچاق قاتارلىق دان ئايرىش، يانجىش قوراللىرى كەڭ ئىشلىتىلگەن، مىلادىدىن كېيىنكى يىللاردىن باشلاپ سۇ تۈگمىنى ۋە شامال تۈگمىنى ئىشلىتىلگەن.

**ئۈچىنچى، كاۋاب (ئۈكلىمە ئەت).** بۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئىستېمال قىلىنىشىغا 3000 يىل بولدى.

**تۆتىنچى، قوغۇن، تاۋۇز.** بۇلار مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. 1961 — 1981 - يىللىرى پىچان ۋە قۇمۇلدىن ياۋا قوغۇن بايقالغان. بۇ، قوغۇننىڭ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە ئېنىق گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ياۋا قوغۇنلاردىن ھازىرقى قوغۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لى شاۋ فاڭ «ئامانلىق تەپسىلى خاتىرىلىرى» («太平广记») دېگەن كىتابىدا «خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭ دى خانى قوغۇن يەپ چۈش كۆرگەن، تولىمۇ شېرىن ئىكەن، ... شۇ چاغدا دۇڭخۇاڭ (ئارقىلىق) قوغۇن تارتۇق قىلىنغان ... چيۇڭلۇڭ (穹隆) دەپ ئاتىلىدىكەن» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى چيۇڭلۇڭ دېگەن ئىسىمنى ئالىملار تۈركىي - ئۇيغۇر تىلىدىكى «Ko un» (قوغۇن) دېگەن ئىسىمنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ئېنىقلاپ چىققان. بۇنىڭدىن شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغانلىقى بىلىنىدۇ.

تاۋۇز — دەسلەپتە شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈپ، ئاندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. ئۇنىڭ تارقىلىش ۋاقتى قىتان - لياۋ سۇلالىسى دەۋرى (907 — 1125) گە توغرا كېلىدۇ.

**بەشىنچى، ئۈزۈم.** ئۈزۈم ئېلىمىزدە ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. «خەننامە. 96 - جىلد، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «چەرچەندىن ئۈزۈم چىقىدۇ» دېيىلگەن. خوتەننىڭ نىيە قەدىمكى ئىزىدىن مىلادى 25 - يىلدىن 220 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان بىر مېۋىلىك باغ خارابىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ يەردىن قۇرۇپ كەتكەن ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر چىققان.

**ئالتىنچى، ياڭاق ۋە ئانار.** بۇلار ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياڭاق بىلەن ئانار پەيدا بولغان ئىكەن. ئالىملار ياڭاقنى شىنجاڭ بىلەن تىبەت چېگرىلىرىدا ياشىغان قەدىمكى چياڭ (كەن - 羌) قوۋمى يېتىشتۈرگەن بولسا كېرەك دەپ قارىشىدۇ. شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا ياڭاق نەسلى ساقلىنىپ قېلىش بىلەن بىرگە، قاغىلىق قاتارلىق جايلار ئەڭ چوڭ ياڭاقچىلىق بازىسى سانىلىدۇ. ئانار بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارشاكلار ئېلىدىن دەسلەپ شىنجاڭغا كىرىپ يەرلىكلەشكەن، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان.

**يەتتىنچى، ئالما.** بۇ ئەسلى شىنجاڭ ئەتراپلىرىدا بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا ھازىرغىچە كەڭ كەتكەن ياۋا ئالمىلىق بار. يۇمشاق ئالما تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلدىن مىلادى 23 - يىلغىچە بولغان ئارىلىق) دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئالمىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى

بولۇپ، بۇ يەردە يېتىشتۈرۈلگەن سورتلارمۇ نەچچە ئون خىلغا يېتىدۇ.

**سەككىزىنچىسى، نەشپۈت.** شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدە مېۋىسى، جىن خانلىقى زامانى (مىلادى 317 — 420 - يىللار) دا ئۆتكەن گې خۇڭ ( 葛洪 ) يازغان «غەربىي ئاستانە خاتىرىلىرى» ( « 西京杂记 » ) دېگەن كىتابتا «قۇمتاغ نەشپۈتى ( 瀚海梨 ) خەنخەي (پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمتاغ قۇملۇقىنى قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خەنخەي دەپ ئاتالغان) دىن چىقىدۇ، سوغۇقتا قۇرۇپ قالمايدۇ» دېيىلگەن. ئۇ شىنجاڭ نەشپۈتىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاندىن جىن خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618 — 907) گە مەنسۇپ قەبرىلەردىن ئاز بولمىغان نەشپۈت قېقى چىققان. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇ نەشپۈت قېقى تېپىك نەشپۈت قېقى ئىكەن. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر نەشپۈت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

**توققۇزىنچى، بادام.** بۇ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. تۇرپان ئاستانىدىكى IV — IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن بادام تېپىلدى. شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا بادامنىڭ ئۆسۈملۈكى ساقلىنىپ قالغان. ياۋا بادامنىڭ تا ھازىرغىچە تەبىئىي تارقىلىپ ئۆسۈۋاتقانلىقى بادامنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭدا ياۋايى تۈردىن مەدەنىي تۈرگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، جۈملىدىن ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان باداملارنىڭمۇ ئەسلى ياۋا بادامدىن ئۆزگەرگەن بادام تۈرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ئونىنچى، كۈنجۈت.** ئېلىمىز بويىچە ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئالغوي (ئاراغول) جىلغىسىدىن بايقالغان ئىپتىدائىي جامائە قەبرىستانلىقىدىن كۈنجۈت ئۇرۇقى چىققان بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 2800 — 2200 - يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، كۈنجۈتنىڭ ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**ئون بىرىنچى، زىغىر، زاراغزا.** بۇ مۇھىم ياغلىق دان زىرائەتلىرى بولۇپ، دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېرىلىشقا باشلىغان.

**ئون ئىككىنچى، كېۋەز.** بۇ شىنجاڭدا ناھايىتى بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن. 1959 - يىلى، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خوتەننىڭ قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئادەم ۋە گۈل نۇسخىلىرى كۆك بوياقتا بېسىلغان پاختا رەخت (ھەمزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى قەدىمكى «توققۇز ساراي» (بارچۇق) خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، VI — IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىيەت قاتلىمىدىن پاختا بىلەن بىرلىكتە چىگىتمۇ تېپىلغان. ئومۇمەن، پاختا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا شىنجاڭ ۋە جەنۇبىتىكى رايونلاردىن تارقالغان. چياڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەريالىرى ساھىلىدە كېۋەزنىڭ تېرىلىشى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (960 — 1279) دىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ يەردىكىلەر يىپەك ۋە كەندىر تالالىرىدىن رەخت توقۇپ، كىيىم كىيگەن.

**ئون ئۈچىنچى، يۇمغاقسۈت، تەرخەمەك، پىياز، سامساق، سەۋزە، پالەك.** بۇ كۆكتاتلار دەسلەپ غەربىي يۇرت شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈپ، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئومۇملاشقان، بۇنىڭ بەزىلىرىنى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن ئىچكىرىگە ئېلىپ بارغان.

**ئون تۆتىنچى، پۇرچاق.** بۇمۇ ئەڭ دەسلەپ غەربىي يۇرت شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. خەنزۇچە «گىيانامە» ( « 本草经 » ) دە «جاڭ چيەن چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن غوز پۇرچىقى ( 胡豆 ) غا ئېرىشكەن» دېيىلگەن. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا پۇرچاق تېپىندىكى

www.uyghurkitap.com

زىرائەتلەر تېپىلغان. مەسىلەن، خىجىڭ ناھىيىسىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىن (بۈنىڭدىن 2 — 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى قەبرىلەر) ماش دانلىرى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن دادۇر، پۇرچاق دانلىرى تېپىلغان. پۇرچاقلارنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆك پۇرچاق ۋەنۇقۇت (回鹘豆) قاتارلىقلار دەسلەپ شىنجاڭدا تېرىلغان.

**ئۇن بەشىنچى، زەپە.** پۇرىقى مىزىلىك ۋە پارقىراقلىقى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، ئىشتەينى ئاچىدۇ، تاماق سىڭدۇرىدۇ، تەمنى تەڭشەيدۇ. ئۇيغۇر دورىلىرى ئىچىدە زەپە «دورىلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىتىش داۋامىدا دورىغا قوشۇپلا قالماي، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوزۇقلۇق ۋە ئىچىملىك قىلغان، ئۇنى قانىنى راۋانلاشتۇرىدىغان، بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدىغان، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قارىغان. شىنجاڭدا 2000 يىلدىن ئىلگىرىلا زەپە ئىشلىتىلگەن.

**ئۇن ئالتىنچى، بىدە.** بۇ ئاقسىل ماددىسىغا باي، ياخشى يەم - خەشەك بولۇپ، خەن دەۋرىدە ياخشى نەسىللىك ئاتلارنىڭ ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەن بىرگە كىرگەن. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، جاڭ چيەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126 - يىلى غەربىي رايونغا كەلگەندىن كېيىن بىدە ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەتكەن.

## 2. يۆرگەنچە - سىپىنچا، كىيىم - كېچەك ۋە سىلىنچا - يىپىنچىلار

**ئۇن يەتتىنچى، پالاس، كىگىز، كىگىز تۇماق ۋە باشقىلار.** بۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلمىلار بولۇپ، 3800 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە. كىگىز تۇماق ئۇچلۇق بولۇپ، بىر خىل رەڭدە، قېلىنلىق دەرىجىسى تەكشى، پۇختا، تۇماقنىڭ ئۇچى تىك چىقىرىلغان. لوشۇن، لى گېنپەن قاتارلىق ئالىملار بۇنى يەنە ئاسىيا بويىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كىگىز ئەۋرىشكىسى دەپ ھېسابلاشقان.

ئېلىمىز بويىچە ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ بىر توقۇلما بۇيۇم تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 — 221 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرىدىن چىققان، ئۇنىڭ ئۆرۈش يىپى بىلەن ئارقاق يىپى تۆگە يۇڭى بىلەن قوي يۇڭىدىن ئېشىلگەن. قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن چىققان يۇڭ-توقۇلمىلار تېخىمۇ ئالاھىدە. ئۇلارغا ھەر خىل رەڭدىكى جولالىق يۇڭ يىپلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان. ئالىملار بۇلارنىڭ 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇلارمۇ ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەڭ قىممەتلىك يۇڭ توقۇلما ئەۋرىشكىسىدۇر.

**ئۇن سەككىزىنچى، كۆن ئۆتۈك ۋە تېرە شىملار.** كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان 3800 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ پۇتىغا كۆندىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. يەنە قۇمۇل قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3200 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ جەسەتلەرنىڭ پۇتىغىمۇ قونجىلىق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. يەنە تېرە شىم - ئىشتانمۇ چىققان. ئۆتۈك كۆندىن تىكىلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەنجەك» ئەسلى «كۆنجەك» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ «كۆن ئىشتان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە «كۆنچى» دەرياسىنىڭ نامىمۇ «كۆن ئىشلىگۈچى» دېگەن مەنىدە «كۆنچى» دەپ ئاتالغان. كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، بەزى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «كۆن» دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ يىلتىزى بولغان ئالتاي تىللىرى دەۋرىدىلا بار بولۇپ، ئۇنىڭ 8000 يىللىق تارىخىنى سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدىكەن. مەسىلەن، تاڭ شەنچۈن، ليۇجېنخۇالارنىڭ «‹خۇاڭدى› نىڭ يەشمىسى» (释"黄帝") دېگەن ماقالىسىدە: «خۇاڭدى» دىكى «خۇاڭ» (黄) ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى

«Kon» بىر
بولۇپ، مەنىسى
ئىبارەت. چۈنكى خۇاڭدى
شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى «روگدى
قوۋمىنىڭ بوۋىسى بولۇپ، كېيىنچە تو
تۈزلەڭلىكتىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بوۋىسى
بولۇپ قالغان دەپ يازىدۇ.

ئون توققۇزىنچى، گىلەم. بۇ شىنجاڭدا ئىجاد قىلىنغان. خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدىن 1959 - يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بىر گىلەم ئەۋرىشكىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ مىلادى 25 — 220 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ئەڭ قەدىمكى گىلەم ھېسابلىنىدۇ.

يىگىرمىنچى، باغىرداق (لىپتىك). ئايالLارنىڭ مۇھىم ئىچكى كىيىمى. بۇ 1075 - يىلى تاماملانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، خارىبىن نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بار» دېگەن كىتابتا «لىپتىك»نى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدا پەيدا بولغان، ئۇنى ئامېرىكىلىق دىنكولىن خانىم كەشپ قىلغان دەپ يازغان. «تۈركىي تىللار دىۋان» دىكى مەلۇمات بۇ قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ.

## 3. تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلار

يىگىرمە بىرىنچى، توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى كەشپىياتلار.

1) يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرى. لوپنۇرنىڭ كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان 3800 يىل بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، قۇمۇلدىن تېپىلغان 3200 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ يۇڭ بۇيۇم ئەۋرىشكىلىرى قوي يۇڭىدىن توقۇلغان

جۇۋ
مىلادىدىن بۇرۇ
شىنجاڭدىكى قەدى
تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرگە
سوۋغات قىلىنغانلىقى توغرىلىق
قالدۇرۇلغان.

2) بوياش تېخنىكىسى. شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئەجدادلار بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇن يۇڭ يىپنى بوياش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولغان. قۇمۇل ئۇۋاڭ (قىزىل چوققا) دىن بىر يۇڭ كىيىم قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ قىزىل، جىگەر رەڭ، يېشىل، قارا، كۆك رەڭلىك يىپلاردا بىرىكتۈرۈپ توقۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئايال جەسەتنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرۈلگەن تېگى قىزىل، كەشتىلىرى سېرىق، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىكى بىر دانە يۇڭ كەشتىلىك قېزىۋېلىنغان. ئۇ توقۇلۇش ۋە بوياقلىرى جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇلار ئېلىمىزدە بايقالغان يۇڭ يىپ بوياق ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى.

3) كەشتىلەش ئۇسۇلى يەنى بىۋاستە ئارقاق يىپقا گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى. بۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى بىر دەستە ئېسىل گۈل بولۇپ، يۇڭ كەشتىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدىكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن. 1930 - يىلى ئا. ستەين شىنجاڭدىكى كرورەن قەدىمگاھىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان بىر پارچە يۇڭ توقۇلمىنى بايقىغان بولۇپ، بۇنىڭدا رەڭلىك ئارقاق يىپقا ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئوقچۇپ تۇرغان بىر ئات كەشتىلەنگەن ۋە نەپىس جىيەك چىقىرىلغان. بۇ بۈگۈنگىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى بىۋاستە ئارقاق

يىپقا ئالماپ توقۇلغان بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھازىر ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كەشتىچىلىكتىكى بۇ خىل ھۈنەر - سەنئەتنى شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر كەشىپ قىلغان.

4) رەختكە مۇم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسى. شىنجاڭنىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بىر پارچە تېگى كۆك پاختا رەختكە مۇم بىلەن گۈل بېسىلغان. بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ دەسلەپكى مۇم بىلەن گۈل بېسىلغان رەخت. بۇ خىل تېخنىكا پۈتۈن مەملىكەتكە تەدرىجىي ئومۇملاشقان، جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ تارقالغان.

يىگىرمە ئىككىنچى، ئورۇندۇق. بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن تارتىپ ئالەم ئايرۇپىلانى بىلەن كائىناتقا سەپەر قىلىشقىچە ئورۇندۇققا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ بولماقتا. ئېلىمىزدە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى ئورۇندۇق خوتەننىڭ نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ ئويمىلىق ئورۇندۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 1959 - يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان. نىيە خارابىسى ئالاھىزەل 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

يىگىرمە ئۈچىنچى، تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى. بۇ پەقەت ئېلىمىز تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا قوللىنىلغان تېخنىكا. شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ مىلادى 386 — 534 - يىللىرى ئارىلىقىدىكى دەۋردە بۇ تېخنىكىنى ئىگىلەپ بولغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. قەدىمكى زامان ئاپتورلىرىدىن لى داۋيۈەن «سۇ - ئېقىنلار تەزكىرىسى. دەريالارغا ئىزاھات» ناملىق كىتابىدا كۈسەندە تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىنىپ 36 خانلىق تەمىنلىنىدۇ، دەپ يازغان. 1986 - يىلى نەشىر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆمۈر ئېچىش تارىخى» ناملىق كىتابتا، بۇ «ئېلىمىزنىڭ (تاش) كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىغانلىقىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. 1987 - يىلى نەشىر قىلىنغان «پەن - تېخنىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، كېيىنكى زامانلاردا تېخنىكىدا ئالغا كەتكەن غەربىي ياۋروپادا بۇ خىل پەن - تېخنىكا XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاندىن قوللىنىلغان.

يىگىرمە تۆتىنچى، كارىز. بۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەر ئاستىدىكى سۇدىن پايدىلىنىپ يەر سۇغۇرىدىغان سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەسى بولۇپ، 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى بولغان كارىزنى قەدىمكى ئەجدادلار مۇشۇ يەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدىنپەي ئىجاد قىلغان.

يىگىرمە بەشىنچى، قاش تېشى ئويمىچىلىقى. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 4000 — 5000 يىل ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا قاش تېشى ئويمىچىلىقى تېخنىكىسى ئىقتىرا قىلىنغان. بۇ دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇن ئىگىلەنگەن ھۈنەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىگىرمە ئالتىنچى، مەتبەئەچىلىك. بۇ جۇڭگونىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىن بىرى. ئارخېئولوگلار تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەردىن زور بىر تۈركۈم قاتتىق ياغاچقا ئويۇلغان (چىلان ياغىچى بولۇشى مۇمكىن دېيىلىدۇ) يەككە - يەككە قىلىپ ياسالغان كۆچمە ھەرپ ئەۋرىشكىسى (مىق مەتبەئە بۇيۇمى) نى تېپىپ چىققان. ئۇلارغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر ئويۇلۇپ، خەت بېسىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان. بۇ يادىكارلىقلارنى بەزى ئالىملار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەن يىللىرى، يەنى X، XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دېسە، يەنە بەزىلەر XIII ئەسىرگە تەئەللۇق دېگەن پىكىرنى

ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارنىڭ قايسى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو ۋە پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېگانە مەدەنىيەت دۇردانىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، 1990- يىلى 8- ئاينىڭ 2- كۈنى دۆڭخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت مائارىپ، ئىلىم پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان «يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دىن ئىگىلىنىشىچە، دۆڭخۇاڭ موزېيى تاپقان (خۇددى شۇ شەكىلدىكى) ئالتە تال ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە ھەرپى (ئەۋرىشكىسى) دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى مەتبەئە ھەرپى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. تارىخشۇناس ليۇزشياۋ ئەپەندى «ئېلىپبەلىك مىق ھەرپ قوللىنىلغانلىق تارىخىدىن قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنقىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان بولسا، ئامېرىكىلىق ئالىم كارتېرمۇ ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئويۇلغان بۇ نابورلۇق ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنىڭ «دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى نابور يېزىقلىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق» دەيدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىداتى مۇنىرى ئېرزىنمۇ «بۇ خىل ھەرپلەر پۈتكۈل ئالەمدە تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئەڭ تۇنجىسىدۇر» دەپ يازغان.

**يىگىرمە يەتتىنچى، بۇددا تاش غار سەنئىتى (بۇددا مىڭ ئۆيلىرى).** شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە بۇددا مىڭ ئۆي سەنئىتى ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن جاي، بۇ مىڭ ئۆيلەر كۆلەم جەھەتتىنمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قەشقەردىكى ئۈچ بۇرھان مىڭ ئۆيى، كۇچادىكى قىزىل مىڭ ئۆيى، قۇمتۇرا، سىم - سىم مىڭ ئۆيى، قارا شەھەردىكى شىكشىن مىڭ ئۆيى، تۇرپاندىكى سىڭگىم، بېزەكلىك، تۇيۇق مىڭ ئۆيلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

**يىگىرمە سەككىزىنچى، ھاراق ئىشلەش.** شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلىگەن جاي. خەن دەۋرىدە بۇ خىل ھۈنەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان.

## 4. مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۆجىزىلەر

مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىنكاسى. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يالدامىلىرى ئىچىدە جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت نەمۇنىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىرقانچە تەرەپ بار. بۇنىڭدىن قۇتۇبى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىيالارغا ئويۇلغان ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن رەسىملەرنى، تارىخى ئۇزۇن، ھەجمى چوڭ، سىستېمىلاشقان مۇزىكا بايلىقى «12 مۇقام»نى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان ۋە مىسرا سانى ئەڭ كۆپ بولغان تۇنجى ئىمزالىق داستان «قۇتادغۇ بىلىك»نى، XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، تارىخىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىيىتىدىن ئەڭ مۇپەسسەل مەلۇمات بېرىدىغان قامۇس كىتاب «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

بىز يۇقىرىقى بىر قاتار ئەھۋاللاردىن شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىزكى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدە كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك نامايەندىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلار شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىدىكى ھەرقايسى ئېقىن تارماقلارنىڭ مەنبەلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆرمەسلىك ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. بىز شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان چېغىمىزدا، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىنى تولۇقلاشتا غايەت زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەدەنىيەتنىڭ بىرلا مەنبەسى بولىدۇ دەپ قاراش ئىلمىيلىققا ئۇيغۇن ئەمەس. چوڭ بىر دەريانىڭ نۇرغۇن ئېقىنلىرى بولغىنىدەك بىر مىللەت، بىر رايون مەدەنىيىتىنىڭمۇ بىرقانچە تارماق ئېقىنى، مەنبەسى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا ئاساس قىلىدىغان بىر مەنبە بولىدۇ. شۇڭا شۇ ئاساسىي مەنبەنىڭ يېتەكچىلىك ۋە يادرولۇق رولىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، تارماق مەنبەلەرنىڭ تولۇقلاش رولىنى ئۇنىتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئاساسىي مەنبەنىڭ ئورنىغا قويۇۋالماسلىقىمىز كېرەك.

ئاساسلانغان مەنبەلەر


1. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى.
2. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل نەشرى.
3. جى شەنلىن قاتارلىقلار: «شەرق مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، بېيجىڭ داشۆسى نەشرىياتىنىڭ 1994 - يىل نەشرى.
4. لۇشۇن، لى گېنپىن: «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخ تەتقىقاتى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
5. مىگوۋېن (ئامېرىكىلىق): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1958 - يىل نەشرى.
6. جۇكوشىڭ: «ئىنسانىيەت مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىل نەشرى.
7. سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل نەشرى، 7 - توم.
8. ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1995 - يىل نەشرى.
9. فاڭ يىڭجيې: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش تارىخى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ خەنزۇچە نەشرى.
10. لوفىر (ئامېرىكىلىق): «جۇڭگو — ئىران توغرىسىدا»، سودا نەشرىياتىنىڭ 1964 - يىل نەشرى.
11. ئا. ستەيىن: «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ1987- يىل نەشرى.
12. «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993- يىل خەنزۇچە نەشرى.
13. ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
14. ب. ۋ. ماسوڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنى»، «ئارخېئولوگىيىلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى»، 3 - 4 - بىرلەشمە سان، ۋېنۋۇ نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل نەشرى.
15. غ. ئوسمان: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا (مۇقەددىمە)»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985- يىللىق3 - سانى.
61. چېن لاڭۋېي: «غەربىي يۇرت مەدەنىيە-تىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1985- يىللىق 4 - سانى.
17. غ. ئوسمان: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 - 2 - قوشما سانى.


تەھرىرى: كۈرەش مەھمۇتجان

# ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «مەنتىقۇت - تەير» توغرىسىدا

ئابلىمىت ئەھەت

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدە، شائىرنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ نامى توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى قاراشلار پاكىتلار ئاساسىدا تۈزىتىلىدۇ.

## 1. ئەسەرنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى

«مەنتىقۇت - تەير» («قۇشلار تىلى») XVIII ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنىنىڭ شېئىرىي ئەسىرى، ئۆز زامانىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي يادىكارلىق، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئىران شائىرى پەرىدىددىن ئەتتار (مىلادى 1145—1229- يىللار) ۋە ئەلشىر نەۋائى (مىلادى 1441 — 1501- يىللار) دىن كېيىن مۇشۇ تېما بويىچە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يەنە بىر قىممەتلىك نامايەندە.

دەۋرىمىزگىچە قول يازما ھالىتىدە يېتىپ كەلگەن بۇ ئەسەر ئىككى نۇسخا (ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغىنى) بولۇپ، بىر نۇسخىسى شىنجاڭ داشۆسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا (فورماتى 5 .11×17 سانتىمېتىر، 183 بەت، ھەربىر بەتكە توققۇز قۇردىن ئىككى قاتار قىلىپ، خوتەنىنىڭ پاتلىق قەغىزىگە تەئلىق خەت نۇسخىسى بىلەن چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن، ئاخىرىغا «لوقمان ھەكىمنىڭ ۋەسىيەتى» ئۇيغۇرچە نەزمى تەرجىمە قىلىنىپ پۈتۈلگەن)؛ يەنە بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا (فورماتى 14×19.5 سانتىمېتىر، 166 بەت، ھەربىر بەتكە 13 قۇردىن ئىككى قاتار قىلىپ، خوتەنىنىڭ پاتلىق قەغىزىگە تەئلىق خەت نۇسخىسى بىلەن موللاسۇلتان مۇھەممەد ياركەندى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن). ھەر ئىككى نۇسخا كۆن مۇقاۋا ئىچىگە ئېلىنغان، باش - ئاخىرى تولۇق.

## 2. شائىرنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ نامى

شائىرنىڭ ئىسمى ۋە تەرجىمىھالىغا ئائىت تولۇقراق مەلۇمات تېپىلمىغان بولسىمۇ، مەزكۇر قول يازما شائىرنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ نامىنى توغرىلىنۋېلىشىمىزدا بىزنى يېتەرلىك پاكىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

شائىرنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ نامى ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا — كىتاب - ماتېرىياللاردا «موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى»، «دىۋانى بىلال»، «دىۋان بىلال»، «دىۋان بىلالى» («دېڭىز ئۈنچىلىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

تىزىسلىرى» «مىللەتلەر نەشرىياتى»)؛ «دىۋان بىلال» («تارىم» 1981 ـ يىل 5 ـ سان؛ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ئىككىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم)؛ «ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى» («شېئىرلار» «بۇلاق» 1988 ـ يىل 3 ـ سان)… قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالدى ھەم شۇ ناملار بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەزكۇر ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، قول يازمىلارنى سېلىشتۇرۇش ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرىقى ناملارنىڭ تولىمۇ يەكگىللىك بىلەن ئاتالغانلىقى بايقالدى. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب شۇكى، قول يازمىدىكى:

«كۆردى مىنراجىندەشەمئە زۇل جەلال،
ئىشتىپ ئول ئاۋازى نەئلەينى بىلال.
چاكەرى تاپتى مۇنىڭدەك ئىززۇ تاھ،
تاپتى نەئلەينى ئانىڭ ئەرش ئۆزرە راھ.
……
نى جەفا كۆردى بىلالى نامۇەر،
سەن ئانىڭكى ھالىدىن ئىشتكىل خەبەر.
يۈز تاياق ئۇردىلار ئانى بىجىھەد،
بويىنىنى قان تۇتتى ئايتۇر: «يائەھەد».

دېگەن مىسرالاردا تىلغا ئېلىنغان «بىلال»، «بىلالى» سۆزلىرى تەكشۈرۈلمەستىنلا شائىرنىڭ ئىسمى دەپ قارىلىپ:

«ئىبنى يۇسۇف غافىل ئولمە زىنھار،
ئاشنالىق بولماسۇن بىگانەۋار.
……
ئىبنى يۇسۇف ئېردى فەرزەندى خوتەن،
ئۇشبۇ تىلدىن ئۆزگە تىلنى بىلمەگەن.»

دېگەن مىسرالاردىكى «ئىبنى يۇسۇف» «خوتەن» قاتارلىق ئىسىم سۆزلىرى بىرىكتۈرۈلۈش ئارقىلىق شائىرنىڭ «موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى» دېگەن ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە:

«ئۇشبۇ دىۋانىمغە قىلمە مەردى راھ،
كىبرىبىرلە شېئىر ئايۇرمەن دەپ گۇناھ.»
………

دېگەن مىسرالاردىكى «دىۋان» سۆزى بىلەن «بىلال» سۆزلىرى بىرىكتۈرۈلۈش ئارقىلىق «دىۋانى بىلال»، «دىۋان بىلالى»، … دېگەندەك كىتاب نامى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

دەرۋەقە، يۇقىرىقى بېيىتلاردىن «يۇسۇپ» نىڭ ئاپتورنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان جايى — يۇرتىنىڭ خوتەن ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز. ئەمما، يۇقىرىقى مىساللاردىكى «بىلال»، «بىلالى» سۆزلىرى شائىرنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى قۇرەيشلىك ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ قۇلى — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇل باستان مەدىنە شەھىرىدىكى قۇبە مەسچىتىدە تۇنجى ئەزان توۋلىغان ھەم شۇ مەسچىتنىڭ مەزىنى بولغان بىلال ئىبنى رەباھ دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدۇر.①

ئەمدى شائىرنىڭ ئىسمى ۋە كىتاب نامىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە يەنىلا ئەسەرنىڭ ئۆزىگە — «مەنىتقۇت ـ تەير» گە مۇراجىئەت قىلساقلا كۇپايە. قول يازمىدىكى:

«ئەدل بىرلە شەرىئەت نەبەۋىي،
دىنى ئىسلام خەلايىق ئىچرە قەۋىي.
لۇتق ئېتىپ قىلدىلار ماڭا بۇ خىتاب،
ئەي ئىبراھىم، بىتگىل ئۇشبۇ كىتاب».
مەنى دىلخەستە ھەم بۇ ھالەتدە،
جىددۇ جەھد ئەيلەدىم كىتابەتدە.
خامەدەك خەتگە سەرنىگۇن بولدۇم،
خەتىم ئېيتىپ قامەتىمنى «نۇن» بولدۇم.
خەت پۈتۈرگە قىلىپ قەلەمنى تېز،
سەفھە ئۆزدە قىلىپ سىياھنى رېز.
شۈكرىلىللا، بىتىپ تەمام ئەتتىم،
جىددۇ جەھدئەيلەپ ئېھتىمام ئەتتىم.»

دېگەن مىسرالاردا تىلغا ئېلىنغان «ئىبراھىم»

---

① «قۇرئاندىكى قىسسەلەر»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشرى، 362 ـ ۋە 526 ـ بەتلەر.



www.uyghurkitap.com

دېگەن ئىسمىنى ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

«خەتم بولدى سەندە بۇ خۇرشىد نۇر،
‹مەنتىقۇت - تەير› ى مەقامات تۈيۇر.
ئۇشبۇ دىۋانىمغە قىلما مەردى راھ،
كىبىر بىرلە شېئىر ئايۇرمەن دەپ گۇناھ.
دەرد بىرلە باقغىل ئۇشبۇ دەفتەرىم،
قىلغا سەن مېنىڭ سۆزۈمگە باۋەرىم.
......
‹مەنتىقۇت تەير› ئېردى قۇشلارنىڭ
تىلى،
بەس، مۇسۇلمان كېرەك ئانى بىلگەلى.»
دېگەن مىسرالاردىن ئەسەرنىڭ نامى «مەنتىقۇت - تەير» («قۇشلار تىلى»)؛ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىي ئىكەنلىكىنى،

«سال تەئرىخىنى جۇستۇجۇ قىلدىم،
خىرەد ئالدىدا گۇفتۇگۇ قىلدىم.
ئەقل تەئرىخىنى ھېساب ئەتتى،
دېدى: مىڭ يۈز سەكسەن سەككىزى؛
روزى پەنجشەنبەدە قىلىپ بۇ ھىممەتنى،
ۋەقتى چاشت ئەيلەدىم تەمامىنى.»
دېگەن مىسرالاردىن، ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1188-يىلى (مىلادىيە 1774 ـ 1775-يىللار) يېزىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

## 3. ئەسەرنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنى

«مەنتىقۇت - تەير» ئومۇمەن سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئاساسىي تېما قىلىنغان شېئىرىي ئەسەر.

شائىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جانلاندۇرۇش ۋاسىتىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق خاراكتېردىكى بىرقانچە قۇشنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ــ ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلغان. ئەدەب - ئەخلاق، قانائەت، سەۋر - تاقەت، يەكدىللىق، شەخسىيەتسىزلىك... قاتارلىق ئەنئەنىۋىي تېمىلارنى ئۆز نۆۋىتىدە ئىنەزەرى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان، بولۇپمۇ دارىتمىلاش ۋە ساتىرىك تىل سەنئىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تەييارتاپلىق، ھورۇنلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى:

«چىققىنى بىر كۈن ھۆجرەسىدىن پىرى راھ،
كۆزنى كۆككە تىكىپ ئايدى: ‹ئەي ئىلاھ،
يەتتە كۈندۈز ئاچدۇرمەن گىردە بەر،
مەن زەئىفى بىنەۋاغە قىل نەزەر.›
ھاتىفى كەلدىكى: ‹ئون قىلمە تۇر!
ئۇشبۇ نىشاپۇر مەيدانىن سۇپۇر.
ئارقە - بۇغداي، ھەرنە تاپساڭ نەۋا،
سەن ئالىپ ئانى ئۆزۈڭگە قىل دەۋا.›
......
ھاتىفى كەلدىكى: ‹ئاسان كەلمەگەي،
يەر سۈپۈرمەگۈنچە ھېچ نان كەلمەگەي›،
دەپ قامچىلىغان بولسا،
«يۈرۈر ئېردى بىر چىبىن روزى تىلەپ،
ھېچ ئەسەل تاپقايمۇ مەن دەپ ئازرۇلاپ.
كۆردى بىر پارە ئەسەلنى كوشەدە،
تاقچە ئۈستىدە قويۇغلۇق شىشەدە.
تۈمشۇقىن ئۇردى ئەسەلگە ئول چىبىن،
خوش قۇتۇلدۇم دەيۇ ئول قايغۇدىن.
ئاياغى پاتتى ئەسەلگە ئۈستۈۋار،
ئۇچقالى بولماي تەلمۈردى زار.
ھەرنېچە تالپىنسە ئانچە يۇگرۇشۇپ،
ئول ئەسەلنىڭ تاتىغىغا تۇشۇنۇپ.
— ......!
بۇ تاتىغغە تۇشۇنۇپ بولدى ھەلاك،
مىنىڭ تۈمەن ھەسرەت بىلە ئول دەردناك.»
دېگەن مىسرالاردا ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى

www.uyghurkitap.com

سىمۋولىستىك ئوبرازلار تەسۋىرى قاتارلىق ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىخچام، جانلىق بايان قىلىپ، تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نەپسانىيەتچى، تويماس ئادەملەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. بەزىدە ئاغزىدىن ئىنساپ، دىيانەت چۈشمەيدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا زورلۇق، زالىملىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ھاكىم - بەگلەر، ۋاپاسىز ئالدامچىلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بەزىدە رىياللىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئادالەتپەرۋەر ئادىل شاھ، ئەمەلدارلارنى — ئادىللىق، ۋاپادارلىقنى مەدھىيىلەيدۇ.

شائىر يەنە «مەنتىقۇت - تەير» نىڭ ئاخىرىدا «لوقمان ھەكىمنىڭ نەسىھەتى» نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ شېئىرىي ئۇسۇلدا بايان قىلىش ئارقىلىق، لوقمان ھەكىم تىلىدىن بېرىلگەن ئويلاپ سۆزلەش، نادانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق، دانىشمەنلەرنى دوست تۇتۇش، ئالىملارنى، ئۇستازلارنى، ئاتا - ئانىلارنى، دوستلارنى ھۆرمەتلەش، ئەۋلادلارنى ياخشى خۇلقلۇق قىلىپ تەربىيىلەش، ياشلىقنى قەدىرلەش ...... قاتارلىق پەند - نەسىھەتلەرنى چىرايلىق ۋە يەڭگىل تىل بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى بىۋاستە تەشەببۇس قىلىش ئىستىكىدە بولغان.

ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىدىن ئىلگىرى مەشھۇر كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئەلشىر نەۋائى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئالغان ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان مەشھۇر شائىرلاردىن شەيخ پەرىدىددىن مۇھەممەد ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت - تەير»① ناملىق ئەسىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ھەمدە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1491 — 1498 - يىللار) پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن خەلقىمىز ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان «لىسانۇت - تەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق يىرىك پەلسەپىۋى داستانىنى يېزىپ چىققانىدى. XVIII ئەسىرگە كەلگەندە، يەنى نەۋائىدىن ئازكەم ئۈچ ئەسىر كېيىن ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى خۇددى ئەلشىر نەۋائىغا ئوخشاش ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرىدىن زوق ئېلىپ، ئەينى دەۋر خوتەن لەھجىسى بىلەن 157 بۆلۈم، 4670 مىسرا (بۇنىڭ ئىچىدە «لوقمان ھەكىمنىڭ ۋەسىيەتى» 86 مىسرا) دىن تەركىب تاپقان «مەنتىقۇت - تەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

※ ※

قول يازمىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى قەدىمكى ۋە كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى پىششىق بولۇشتىن سىرت، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىۋاستە ئىلھام ئېلىپ، بۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققان بولسا، قول يازمىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈلگەن «لوقمان ھەكىمنىڭ ۋەسىيەتى» نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەۋلادلارنى لوقمان ھەكىمنىڭ ئەقلىيە سۆز خاراكتېرىنى ئالغان تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پەند نەسىھەتلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

يۈز ۋەسىيەت قىلدى لوقمانى ھەكىم،
ئوغلىغە چۈنكىم ئۇلاردىن بەردى بىم.
......
ئاندا چۈن كۆردۈمكى ئايەت بىشۇمار،
تۈركىي نەزم ئەتتىم ئانى بىئىختىيار.
تا مۇسۇلمانلار ئانى ياد ئالغالار،
ئول ۋەسىيەتلەردىن ئەل شاد ئالغالار.
سەئيى قىلدىم كەلدى چۈن ھەقدىن نىدا،

① بەزى مەنبەلەردە «قۇشلارنىڭ سۆھبىتى» دەپ ئېلىنغان. (footnote text as printed:) 

«لەيسەلىل ئىنسانى ئىللا ماسەئا①»
قىلسەلەر بۇ سەفھەگە گاھى نەزەر،
راقىمى بىچارەنى ياد ئەتكەلەر.
......

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىلىمى مول، شۇنچە تالانتلىق شائىر، يېتۈك تىل ئۇستىسى بولۇشقا قارىماي، تولىمۇ كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغان. ئۇ:

«ئەھلى سۇرەت فەرق گۇفتارىم ئېرۇر،
ئەھلى مەئنى مەرد ئەسرارىم ئېرۇر.
بۇ كىتاب ئارايىشى ئەييامدۇر،
بۇ نەسەب جۇملە خاسۇ ئامدۇر.»

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىنى ئاۋام خەلقنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈپ باھالىشىغا تاشلىسا،

«ئىبىن يۇسۇف ئېردى فەرزەندى خوتەن،
ئۇشبۇ تىلدىن ئۆزگە تىلنى بىلمەگەن.
»

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئانا تىلىغا بولغان مېھرى- مۇھەببىتىنى، ھەتتا ئانا تىلىنى ھەرقانداق تىلدىن يۇقىرى قويىدىغان مىسالى يوق ئېتىقادىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇلاردىن باشقا شائىر:

«بۇ كىتاب ئارايىشى ئەييامدۇر،
بۇ نەسەب جۇملە خاسۇ ئامدۇر.
خەلق تىلىدىن بولدى تا روزى شۇمار،
قالدى بۇ دائىم ئاخىر يادگار.»

دېگەن مىسرالىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىدەك، «مەنتىقۇت - تەيىر»دە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى مۇناسىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن تاشقىرى، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ بولغان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ:

ئابۇشقە/ئەبۇشقە /— بوۋاي؛ ئەركىشى
ئارىتماق — تازىلانماق، پاكىزلانماق؛ كەتكۈزمەك؛ پاك قىلماق، تازىلىماق
ئارىغ — پاكىز، ساپ
ئارىماق — پاكىزلىماق؛ پاكىز بولماق
ئاسىغ/ئەسىغ /— پايدا، نەپ
ئالتى — ①ئالتە (سان)؛ ② ئالدى
ئانداكىن — ئاندىن كېيىن، شۇندىن كېيىن
ئانسىز — ئۇنتۇكسىز
ئەتمەك — نان
ئەسرۇ — ناھايىتى كۆپ، ئارتۇق، تالاي
ئەلگەمەك — تاسقىماق
ئەمگەتمەك — ئەزمەك، قىينىماق، ئازابلىماق.
......

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، «مەنتىقۇت - تەير»دە بەزى پاسسىپ ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسەۋۋۇپ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنى، يەنى سوپىزمنىڭ دىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە پەلسەپە تارىخىدىكى ئىپادىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن يەنە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەد ھاجى

① ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» سۈرە نەجىم، 39- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزنا ـ خاتىرىلىرى توغرىسىدا

شېرىن قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن بىر قىسىم شەرق ۋە غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، ئىزنالىرى ۋە يازما خاتىرىلىرى زامان ۋە ماكان تەرتىپى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

## 1. تاشقورغان رايونىنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى

دېڭىز قاتتىشى ئېخى كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، خىلۋەت پامىر ئېگىزلىكى، جۈملىدىن تاشقورغان رايونى شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە سودا ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئۆتۈشمە تۈگۈنى بولغان ئىدى. تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» (خەلق ئىچىدە ئادەتتە «كارۋان يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.) مەنزىلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۈچ چوڭ تارماق يولغا بۆلۈنگەن. بىرىنچىسى، ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى شىمالىي يايلاق بەلبېغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان «يايلاق يولى»؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇق رايونلىرىدىكى پارچە بوستانلىقلاردىن ئۆتىدىغان «بوستانلىق يولى»؛ ئۈچىنچىسى، جەنۇبىي جۇڭگودىن باشلىنىپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، سەيلون (سىرىلانكا) ھىندىستاندىن ئۆتۈپ پارس قولتۇقى ۋە قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان جەنۇبىي دېڭىز «يىپەك يولى». بۇ ئۈچ تارماق يولدىن ماقالىمىزنىڭ تېمىسىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى «بوستانلىق يولى» بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى ئىستېمالدا «كارۋان يولى» دەپ ئاتالغان «بوستانلىق يولى» دۇر. بۇ يول شىمالىي جۇڭگونى باش بېكەت قىلىپ، گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول يۆنىلىشى بويىچە سوزۇلۇپ، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» — سۆگەلىك (پامىر) ئېگىزلىكىگە بارغاندا، تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەردە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ يەردىن يەنە شىمالىي يول ۋە جەنۇبىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا باراتتى؛ يەنە بىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى جەنۇبقا سوزۇلۇپ شىمالىي ھىندى (كەشمىر رايونى) غا، يەنە بىر تارمىقى غەربكە سوزۇلۇپ

قەدىمكى توخارلار ئېلى ئافغانىستانغا باراتتى. پامىر ئېگىزلىكىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ئافغانىستانغا بارىدىغان يول غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ قەدىمكى پارس (ئىران) غا باراتتى، ئۇ يەردىن يەنە ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، بىرى ئاناتولىيە چوڭ يولىنى بويلاپ غەربىي شىمالغا سوزۇلۇپ ئىستامبولغا ۋە قەدىمكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە بارسا، يەنە بىرى غەربىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ قەدىمكى بابىلون (ھازىرقى ئىراق) غا باراتتى. ئۇ يەردىن سۇرىيە قۇملۇقى ئارقىلىق ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي ساھىلىدىكى قەدىمكى شەھەرلەردىن پالمىدا، ئەنتازىيە، لاتازىيە، ئىسكەندىرىيە قاتارلىقلارغا بېرىپ، ئاخىرىدا دېڭىز يولىغا قوشۇلۇپ رىمغا باراتتى. ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىللەش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا يەنى ھىندىدىن قەندىھارغا، قەندىھاردىن سوغدىيان - سەمەرقەندكە، بۇ يەرلەردىن تاكى مىسىرنىڭ كەڭ زېمىنىغا تۇتىشىدىغان رايونلاردا مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردىلا تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان راۋان قاتناش يوللىرى بولغانىدى. ۋەھالەنكى، يىپەك يولىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن جۇڭگوغىچە بولغان پامىر شەرقىي يولى مىلادىدىن بۇرۇنقى 139 - يىلى جاڭ چيەننىڭ سەپىرى بىلەن باشلانغان. بۇ يەردە پامىردىن شەرق ۋە غەربكە ئۆتىدىغان يوللار ئۈستىدە سۆز ئېچىشتىن مەقسەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ماقالىمىزدە تىلغا ئېلىنغان شەرق ۋە غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن چېغىدىكى سەپەر جۇغراپىيىسى، يول مۇشكۇلاتى ۋە مەنزىل مەنزىرىسىنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇر تەپەككۇرى ۋە كۆز ئىكرانىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى قەدىمكى زامان ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ھاۋا يولى، تۆمۈر يول، تاشيول، سۇ يولى ۋە ئايروپىلان، پويىز، ئاپتوموبىل، پاراخوت قاتارلىق زامانىۋى قاتناش قوراللىرى بولمىغان شارائىتتا، تاغ - داۋان، چۆل- دەشت، سازلىق- قۇملۇق ماكانلاردا ئىسسىق- سوغۇق كېلىماتتا ئۇلاق بىلەن ۋە پىيادە سەپەر قىلىپ، شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە يۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۆجىزە ياراتقان.

ئەسلىدىكى گەپكە قايتساق، قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتىدىغان مۇساپە مەنزىلى ناھايىتى خەتەرلىك ۋە مۇشكۇل بولسىمۇ، لېكىن بۇ يول ئىزچىل راۋان بولغان ئىدى.

2000 يىلدىن بۇيان، شەرق ۋە غەربنىڭ ساناقسىز سودىگەرلىرى، كارۋانلىرى، مەدەنىيەت ئەلچىلىرى، دۆلەت ئەربابلىرى، جاھان كېزەر دەرۋىشلىرى، نومچىلىرى، دىن تارقاتقۇچىلىرى، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، سەيياھ - سەييارچىلىرى، ئاخباراتچىلىرى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكشۇناسلىرى، ھەربىي ئىشلار سەركەردىلىرى قاتارلىقلار تاشقورغان رايونىنىڭ مۇبارەك زېمىن - تۇپرىقىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، مەدەنىيەت تارقاتقان، ئىز ۋە خاتىرە قالدۇرغان. ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قەدىمكى تاشقورغان رايونى ھەققىدە قالدۇرۇپ قويغان يازما خاتىرىلىرى تاجىك مەدەنىيىتى تارىخى تەتقىقاتچىلىقىدا بەكمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇ تاشقورغان رايونىنىڭ قەدىمكى زامان جۇغراپىيىسى، كارۋان يوللىرى، سىياسىي - ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

## 2. تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن جۇڭگو ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىز - خاتىرىلىرى

تارىخىي يازمىلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زاماندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي ئەللەرگە بۇددا نوم تەلىماتىنى ئېلىشقا بارغان تۇنجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راھىب — ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن جۇڭشىشلىڭ ئىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى تاڭ دەۋرىدىكى راھىب ۋۇكۇڭغىچە بولغان 500 يىل ئىچىدە غەربىي ئەللەرگە نوم ئىزلەشكە بارغان راھىب 105 كىشىگە يەتكەن، ئىز - دېرەكسىز نامى يوقاپ كەتكەن راھىب 82 كىشى ئىكەن. بۇ راھىبلارنىڭ مۇتلەق كۆپى تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغانغا بارغان. دېمەك، تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن جۇڭگولۇق سەيياھ - راھىبلار بىر قەدەر كۆپ بولغان. بۇ يەردە بىز ئۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان ئاز بىر قىسمىنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

1) جاڭ چيەن ۋە ئۇنىڭ ۋاستىلىك خاتىرىسى

جاڭ چيەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى ?— 114) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 139 - يىلى خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانى بىلەن توخارلار ئېلىگە ئەلچىلىككە چىققان. ئۇ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ پەرغانە، كانگىيە، توخارستان، باكتىرىيە قاتارلىق ئەللەرگە بارغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى جاڭ چيەن پەرمان بويىچە ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىققان. ئىككى قېتىملىق غەربىي يۇرت سەپىرىدە، جاڭ چيەن قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تارماق يوللىرى ئارقىلىق پامىردىن بىر قېتىملا ئۆتكەن ئەمەس، بەلكى خۇددى سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇ ئالدىنقى قېتىمقى سەپىرىدە غەربىي گەنسۇدىن يولغا چىقىپ هونلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى جايلاردىن ئۆتكەن، كېيىن شىمالىي تەرەپتىن غەربتىكى پەرغانىگە مېڭىپ كانگىيىگە بارغان، ئاندىن توخارلار زېمىنى باكتىرىيىگە بارغان. قايتىش سەپىرىدە جەنۇبىي تەرەپتىن جەنۇبىي تاغ (كۇئېنلۇن تېغى) ئېتىكىنى بويلاپ، چاڭلار رايونى بىلەن قايتماقچى بولغان.

جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئىككى قېتىملىق سەپىرىدىن كېيىن، خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا تېخىمۇ كۆپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. بۇلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول بىلەن پامىردىن ئۆتكەن ھەم مۇھىم خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، غەربىي يۇرتتا ئەسلىدە 36 بەگلىك بار ئىدى، كېيىن 50 نەچچىگە كۆپەيگەن دەپ كۆرسىتىلگەن. «خەننامە» دە تىلغا ئېلىنغان 36 بەگلىك بولسۇن ياكى كېيىنكى 50 نەچچە بەگلىك بولسۇن، بۇلاردىن بىر قانچىسى پامىر رايونىدا بولۇپ، ئۇلار تارىختا ئادەتتە «پامىر بەگلىكلىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ بەگلىكلەر: ساكا بەگلىكى، ئۇدنيانا بەگلىكى، پولى (تاشقورغان) بەگلىكى، داردۇس بەگلىكى، ساكىناھ بەگلىكى، مالائۇر بەگلىكى، ھىندۇ بەگلىكى، ھۇنزا بەگلىكى، چىخاپ بەگلىكى، دارا بەگلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ بەگلىكلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خېلى كەڭ مەلۇمات بار. بۇ خىل مەلۇماتلارنىڭ كۆپ قىسمى جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا، جۈملىدىن پامىر رايونىغا بېرىپ - كېلىش ئەمەلىيىتى بىلەن خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىزنىڭ بۇنى «جاڭ چيەن ۋە ئۇنىڭ ۋاستىلىك خاتىرىسى» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇ يەردە.

2) بەن چاۋ، بەن يۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرى

بەن چاۋ (مىلادى 32 — 102 - يىللىرى) شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىنىڭ 25 - يىلىدىن 220 - يىلىغىچە) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشىدا ئاجايىپ تۆھپە ياراتقان ھەربىي سەركەردە، «خەننامە» مۇئەللىپلىرى بە بياۋ (مىلادى 3 — 54 - يىللىرى) نىڭ ئوغلى، بەن گۇ (مىلادى 32 — 92 - يىللىرى) نىڭ ئىنىسى، بەن جاۋ (مىلادى 49 — 120 - يىللىرى) نىڭ ئاكىسى. ئۇ ھونلارغا قارشى كۈرەشتە تۆھپە ياراتقانلىقى

ئۇچۇن، پەرمانغا ئاساسەن، ئۈچ قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ بىرىنچى قېتىم پىچاندا، ئىككىنچى قېتىم ئۇدۇن (خوتەن) دە، ئۈچىنچى قېتىم سۇلې (قەشقەر) دە تۇرغان. ئۇ ھونلار بىلەن كۆپ قېتىم سوقۇشۇپ غەلىبە قىلىپ، نام-شۆھرىتى تارالغان. ئۇ: «يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، يولۋاس بالىسىنى تۇتالمايسەن» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ گېپى كېيىنكى چاغلاردا ئەل ئارىسىدا بىر ھېكمەت بولۇپ قالغان.

بەن چاۋ قەشقەردىكى چېغىدا كۆپ قېتىم تاشقورغان رايونىغا بارغان. بولۇپمۇ مىلادىنىڭ 90 - يىللىرى ئۇلۇغ توخارلار 70 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن تاشقورغان رايونىغا بېسىپ كىرىپ، قەشقەردىكى بەن چاۋ بىلەن ھەربىي جەھەتتە قاتتىق تىركەشكەن. مانا مۇشۇ مەزگىلدە بەن چاۋ كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ تاشقورغانغا چىققان ھەم بۇ يەردە توخارلار بىلەن جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ تاشقورغان رايونىدىكى ھەربىي - ئۇرۇش پائالىيەتلىرى «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە باشقا تارىخنامىلەردىن ئورۇن ئالغان.

بەن يۇڭ بەن چاۋنىڭ ئوغلى. ئۇ كىچىكىدىن ئاتىسىلا دادىسىغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، بەن چاۋنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدە ھەربىي ئىشلار سەركەردىسى بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ تاشقورغان رايونىغا بارغان ھەم ئۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپ رەقىبلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. بەن يۇڭنىڭ «غەربىي يۇرت ئەھۋالى تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە، بەن چاۋ-بەن يۇڭ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ھەمدە غەربىي يۇرت، جۈملىدىن پامىر ۋە تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىسى بايان قىلىنغان. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى، بەن يۇڭ تەرجىمھالى» دە، ئاساسەن بەن يۇڭنىڭ «غەربىي يۇرت ئەھۋالى تەزكىرىسى» ئەسىرىدىكى بايانلار بېرىلگەن. بەن يۇڭنىڭ «غەربىي يۇرت ئەھۋالى تەزكىرىسى» قەدىمكى شىنجاڭ رايونى، جۈملىدىن پامىر ۋە تاشقورغان رايونىنىڭ جۇغراپىيىسى، تارىخى، سىياسىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى، ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، مۇئەييەن ماتېرىياللىق ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

**3) فا شيەن ۋە ئۇنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» دىكى تاشقورغان خاتىرىلىرى**

فا شيەن شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددا راھىبى. ئۇ مىلادىنىڭ 399 - يىلى 65 يېشىدا چاڭئەندىن يولغا چىقىپ بۇددا ئېلى ئەنەتكەك (ھىندى) كە بېرىش سەپىرىدە ئىككى يىللىق مۇشكۇل مۇساپىنى بېسىپ، مىلادى 401 - يىلى يازدا تاشقورغان قىرپانە بەگلىكىگە كەلگەن. ھازىر ئايان بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئەنەتكەككە بۇددا نوملىرىنى ئېلىشقا بارغان كۆپلىگەن راھىبلاردىن سەپەر ئۈستىدە تاشقورغان رايونىغا قەدەم باسقان تۇنجى راھىب فا شيەندۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» («فا شيەن تەرجىمھالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىسىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «قىرپانە بەگلىكى سۇڭلىڭ تاغلىرى ئارىسىدا ئىكەن. بۇ يەر ئېگىز، سوغۇق كوھىستان ئىكەن. بوغدايدىن باشقا دانلىق زىرائەت ئۆسمەيدىكەن. دېھقانلار كالىندارى بويىچە 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى راھىبلار مۇناخلىقنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا بۇ يەردە سوبھى قىرو چۈشۈشكە باشلايدىكەن.»

«بۇ بەگلىكتە خىلمۇخىل بۇتلار، بۇت مۇنارلىرىدىن باشقا، يەنە مىڭدىن ئارتۇق راھىب بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. بىز بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، قىرپانە بەگلىكىنىڭ شاھى بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددا يىغىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىكەن.

تۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىغىلىشتا تۈزلۈك مەزھەپلەرنىڭ راھىبلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بۇددا ئەمىر - مەرۋپلىرىدىن تەلىم ئېلىۋاتقانىكەن. بۇنداق كاتتا يىغىلىش دائىم باھار مەۋسۇمىدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن.»

«بۇ يەرنىڭ گۈل - گىياھلىرى سۆگۈلۈنگۈنگىدىن پەرىقلىنىدىكەن. بامبۇك، ئانار ۋە شېكەر قومۇشى تۇر جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. بۇ يەردە يىل بويى قار كەتمەيدىكەن، بەزىدە قاتتىق شۇۋىرغان چىقىپ، قۇم - تاشلارنى ئۇچۇرتىدىكەن. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالغان كىشىنىڭ ھايات قالمىقى بىر گەپ ئىكەن، كىشىلەر بۇ يەردىكىلەرنى قارلىق كوھىستانلىقلار دەپ ئاتىشىدىكەن.»① فاشيەنىنىڭ تاشقورغان رايونى توغرىسىدىكى بۇ خاتىرىلىرى مەزكۇر رايون توغرىسىدىكى يازمىلار ئىچىدە بىر قەدەر بۇرۇن، بىر قەدەر ئوبيېكتىپ ۋە مول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**4) سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ ۋە ئۇلارنىڭ «لوياڭ ئىبادەتخانىلىرى تەزكىرىسى» دىكى تاشقورغان خاتىرىلىرى**

سۇڭ يۈن بىلەن خۇي شېڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان دۇنخۇاڭلىق ئىككى بۇددىست. ئۇلار ھىندىستانغا نوم ئېلىش ئۈچۈن قىلغان سەپىرىدە، مىلادى 519 - يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە ئاۋغۇست ئېيىنىڭ باشلىرىدا تاشقورغانغا بارغان ۋە تاشقورغان ھەققىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

«ئاۋغۇست ئېيىنىڭ باشلىرىدا قىرپانە بەگلىكى دائىرىسىگە كىردۇق. ئۇ يەردىن غەربكە قاراپ ئالتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن سۆگۈلۈك تېغىغا چىقتۇق. ئۇ يەردىن يەنە غەربكە قاراپ ئالتە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بۇقاي تېغىغا كەلدۇق. بۇ يەر ناھايىتى سوغۇق ئىكەن، يىل بويى قار - مۇز ئېرىمەيدىكەن.»

«بۇقاي تېغىدىن يەنە غەربكە ماڭغانسىرى، تاغ يوللىرى خەتەرلىكلىشىپ بارىدىكەن. ... ئىچكىرىدىكى تەيخاڭشەن تېغى، مېڭمېن تېغى خەتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ تاغلارغا يەتمەيدىكەن. سۆگۈلۈككە چىقىپ قەدەممۇ - قەدەم ئېگىزلىككە قاراپ ماڭغاندا، پامىرنىڭ ئەڭ يۇكسەك يېرىگە چىققىلى بولىدىكەن. بۇ يەر ئەمەلىيەتتە ئەرشىنىڭ يېرىمى ئىكەن. قىزپانە بەگلىكى دەل مۇشۇ ئېگىز چوققىدىن ئورۇن ئالغانىكەن.»

«پامىرنىڭ شەرقىدە سۇ شەرققە قاراپ ئاقسا، غەربىدە غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك كىشىلەر بۇ يەرنى ‹ئالەمنىڭ مەركىزى› دەپ تەرىپلىشىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى ئۆستەڭ سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. ئۇلار جۇڭگودا ئېتىزلارنىڭ يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەڭرى قانداقسىگە سىنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ساڭا دېگەن ۋاقتىڭدا يامغۇر چۈشۈرۈپ بېرەر دەپ ھەيران قالغان.»

«9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز دەرمەستى بەگلىكىگە يېتىپ كەلدۇق.»②

سۇڭ يۈن، خۇي شېڭلارنىڭ قەدىمكى تاشقورغاننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىسى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، تارىختىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت نەزەرى بىلەن قاراپ كەلمەكتە.

**5) شۈەن زاڭ ۋە ئۇنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى تاشقورغان خاتىرىلىرى**

شۈەن زاڭ (مىلادى 602 — 664 - يىللار) تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر بۇددا پىركاملى. ئۇ ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، مىلادىيە 629 - يىلى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە پامىرنىڭ

---

① «قەدىمكى غەربىي يۇرت سەپەر نامىلىرى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل نەشرى، 34 - بەت.

② «لوياڭ ئىبادەتخانىلىرى تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1963 - يىل نەشرى، 192 - ، 193 - بەتلەر.

شىمالىي تەرىپى بىلەن غەربىي تەرىپىنى ئايلىنىپ ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتكەن. ھىندىستاندىن قايتىش سەپىرىدە، پامىرنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتۈپ قەدىمكى تاشقورغان قىرپانە بەگلىكىگە كەلگەن.

قەدىمكى دەۋردە، شەرق - غەرب سەپىرىدە پامىردىن ئۆتكەنلەر ئىچىدە شۈەن زاڭ پامىر رايونىنى ئەڭ تەپسىلىي ئايلىنىپ چىققان، شۇنداقلا پامىر، جۈملىدىن تاشقورغان رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىقلىمى، سىياسىي - ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئاھالىلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تەق - تۇرقى، تىل - يېزىقى، ئەل ئەدەبىياتى، بۇددا ئېتىقادچىلىقى ۋە ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە ئەڭ كۆپ ۋە مۇپەسسەل مەلۇمات قالدۇرغان شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم پامىرنى يەرلىك خەلق ئاھاڭىدا «پومىلو» نامى بىلەن يېزىق تارىخىغا ئېلىپ كىرگەن. ئۇ يەنە تۇنجى قېتىم تاجىكلارنىڭ «مەلىكە قورغان» رىۋايىتىنى ئۆز خاتىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى خەلقى ئالەمگە تارقاتقان. تاڭ راھىبى شۈەن زاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە، پامىر ۋە تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرۇلۇق «سۇڭلىڭ»، «پامىر»، «قىرپانە بەگلىكى»، «قىرپانە بەگلىكى رىۋايىتى»، (ئەمەلىيەتتە «مەلىكە قورغان رىۋايىتى»)، «تۇغشۇ ئىبادەتخانىسى»، «ساخاۋەتخانا»، «ئۆڭكۈردىكى تىك ئولتۇرغان جەسەتلەر» («ئارخاتلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن ئىبارەت يەتتە بابلىق بىۋاسىتە خاتىرە، پامىر ۋە تاشقورغان رايونىغا تۇتاش ئەللەردىن «قوندۇز بەگلىكى»، «ئۇسسار بەگلىكى» (ياركەند بەگلىكى)، «ساياماكا بەگلىكى»، «دەرمەستى بەگلىكى»، «قاسى بەگلىكى» (قەشقەر بەگلىكى)، «بولۇر بەگلىكى» قاتارلىقلارنى بايان قىلغان چاغدىكى ۋاستىلىك خاتىرىلەر بار. تاڭ راھىبى ئۆز خاتىرىسىدە قەدىمكى پامىر بىلەن تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىسىنىڭ كۆركەم خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تاشقورغاننىڭ مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن تاش شەھەر، مەلىكە قورغان قاتارلىقلارنىڭ داڭقىنى دۇنياغا چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن غەربنىڭ نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شۈەن زاڭنىڭ خاتىرىسىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭ ماڭغان يولى، تونۇشتۇرغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە دەلىل - ئىسپاتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سەرىكۆي (تاشقورغان) غا كەلگەن.

شۈەن زاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا «سۇڭلىڭ» بىلەن «پامىر» ئانچە ئوخشمايدىغان ئىككى خىل جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ راھىبنىڭ تەپەككۇرىدا، سۇڭلىڭنىڭ دائىرىسى پامىرنىڭ دائىرىسىدىن كەڭ قىلىپ كۆرسىتىلگەن. مۇشۇ خىل يېتەكچى ئىدىيە سەۋەبلىك، شۈەن زاڭ ئۆز خاتىرىسىدە سۇڭلىڭ بىلەن پامىرنى ئايرىم - ئايرىم بابلار بويىچە بايان قىلغان. بىزگە ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، شۈەن زاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە تاجىك ئەجدادلىرى بەرپا قىلغان قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئورنى، قۇرۇلغان ۋە سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھەربىي كۈچى ۋە دىپلوماتىيىسى، بۇددىزملىق پائالىيەتلىرى، يىپەك يولىدىكى خەيرى - ساخاۋەتلىك ئىشلىرى، ئاستانىسى (دەسلەپكى ئاستانىسى مەلىكە قورغان، كېيىنكى ئاستانىسى قەدىمكى تاش شەھەر) ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي مەلۇماتلار بار. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى قىرپانە بەگلىكىگە ئائىت مەلۇماتلار ئەمەلىيەتتە شۈەن زاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ماتېرىياللارنى مەنبە قىلغان.

### 6) خۇي چاۋ ۋە ئۇنىڭ «بەش ھىندى دۆلىتىگە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى تاشقورغان خاتىرىلىرى

خۇي چاۋ تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددا راھىبى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيۋەن يىللىرى، يەنى مىلادىنىڭ 727 - يىلى ھىندىستانغا

www.uyghurkitap.com

نوم ئېلىشقا بېرىپ، ھازىرقى پاكىستان، ئافغانىستاننى سەيلە قىلىپ، غەربىي تىنچلاندۇرۇش باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە (ئورنى ھازىرقى كۇچادا ئىدى) قايتىپ كېلىش سەپىرىدە تاشقورغانغا كەلگەن. ئۇنىڭ «بەش ھىندى دۆلىتىگە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە تاشقورغان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق بىر بايان بار: «خۇمىد دۆلىتى (ۋاخان) دىن شەرققە قاراپ 15 كۈن مېڭىپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ سۇڭلىڭ ھەربىي مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلدىم. مەن ئۇ يەردە تاڭ خاندانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يەرگە ئىلگىرى قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھى پېشاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن. كېيىن پادىشاھ توبۇتلارغا ئەل بولۇپ كېتىپتۇ. ھازىر بۇ دۆلەت چېگرىسىدا ئادەتتىكى پۇقرا ئاھالىلىرى يوق ئىكەن. چەت ئەللىكلەر بۇ يەرنى قىرپانە بەگلىكى دەپ ئاتايدىكەن. خەن دەۋرىدە بۇ يەر سۇڭلىڭ دەپ ئاتالاتتى.» ①

يۇقىرىقى خاتىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، راھىب خۇي چاۋ تاشقورغانغا كەلگەندە، قىرپانە بەگلىكىنىڭ سەلتەنىتى ئاياغلاشقان. بۇ يەردە تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق سۇڭلىڭ ھەربىي مەھكىمىسى («پامىر بوقالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى تەسىس قىلىپ، قىرپانە بەگلىكى ئىدارە قىلغان زېمىننى كونترول قىلغان.

### 7) گاۋ شيەنجى ۋە ئۇنىڭ تاشقورغان ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈش پائالىيەتلىرى

گاۋشيەنجى تاڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي تىنچلاندۇرۇش باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ياندىش قورۇقچى بېگى، چاۋشيەن مىللىتىدىن چىققان مەشھۇر سەركەردە. ئۇ تيەنباۋنىڭ 6 - يىلى، يەنى مىلادىنىڭ 747 - يىلى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئەمىر - پەرمانىغا بىنائەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكىرىنى باشلاپ تاشقورغانغا چىققان ھەمدە بۇ يەرنى ئارقا سەپ بازىسى قىلىپ، ھىندىقۇش تاغلىرى ۋە سىند دەرياسى ئەتراپىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كىچىك بولۇر دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى قىلغان. ئۇ بۇلۇتقا تاقاشقان قەلئەدە توبۇتلارنى تارمار قىلىپ، تاڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ شۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە ۋاخان دەرياسى بويلىرى ۋە ئەنجان بەگلىكىگىچە بارغان.

گاۋشيەنجىنىڭ توبۇتلارنى مەغلۇپ قىلىشىدا سۇڭلىڭ ھەربىي مەھكىمىسى مۇھىم رول ئوينىغان: چۈنكى گاۋشيەنجىنىڭ بىر تۈمەن ئەسكىرى تاشقورغاندىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى قەشقەر ۋە يەكەندىن ئاۋۋال تاشقورغانغا توشۇلاتتى. ھەربىي قوشۇننىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە قورال - ياراقلىرىنى توشۇۋاتقان ئات - ئۇلاغلىرىغا ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، بۇلارنى سۇڭلىڭ ھەربىي مەھكىمىسى بىلەن يەرلىك خەلق ياردەم قىلىپ ھەل قىلغان.

گاۋشيەنجىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ پامىر ھەربىي مەھكىمىسى ۋە يەرلىك خەلقنىڭ ياردىمى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا توبۇتلارغا قارشى جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارغانلىقى پامىر ۋە تاشقورغاننىڭ تارىخىدا غايەت زور تەسىر قالدۇرغان. بۇ غەلىبىلىك يۈرۈش، بىرىنچىدىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئەللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئىككىنچىدىن، خۇددى «تاڭنامە» دە قەيت قىلىنغاندەك، غەربتىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسى ۋە باشقا 72 بەگلىك بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن ھەم تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەپ ئۆتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن. ئەسلىدە شۇ چاغلاردا ئەرەب قوشۇنلىرى سەركەردە ئەمىر قۇتەيبە ئىبنى مۇسەللىمنىڭ قوماندانلىقىدا ئوتتۇرا

① «قەدىمكى غەربىي يۇرت سەپەرنامىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل نەشرى، 116 - بەت.

ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى سوغدىيانا ۋە باشقا جايلارغا بېسىپ كىرگەنىدى. ئۇلار تېخىمۇ شەرققە قاراپ كېڭىيىپ تاڭ خاندانلىقىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى. گاۋشيەنجىنىڭ پامىر خەلقىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا توبۇتلارنى چاقماق تېزلىكىدە مەغلۇپ قىلىشى ئەرەبلەرنىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى. تارىختىكى بۇ ئىش «يېڭى تاڭنامە. گاۋشيەنجى تەزكىرىسى» دە خاتىرىگە ئېلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەشھۇر ئەنگلىيە تارىخچىسى ۋە ئارخېئولوگى ستەيىننىڭمۇ خاتىرىسىگە ئېلىنغان. ئېكسپېدىتسىيىست ستەيىن 2 - قېتىم (1906 — 1908 - يىللىرى) ۋە 3 - قېتىم (1913 — 1916 - يىللىرى) ھىندىقۇش ۋە پامىر تاغلىرىدىن ئۆتكەندە، گاۋشيەنجىنىڭ جازا يۈرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن جايلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە مەزكۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، «مىلادى 747 - يىلى جۇڭگونىڭ يىراقتىكى پامىر ۋە ھىندىقۇشتا يۈرۈش قىلىشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى يېزىپ، ئۇنى 1922 - يىلى «ئەنگلىيە جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2 - سانىدا ئېلان قىلغان.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، يەنە مىڭجى، تەن ۋۇجېي (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە)، گەن يىڭ (شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە)، ۋېي جېي (جىن سۇلالىسى دەۋرىدە)، دۇخۇەن (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە)، ۋۇكۇڭ (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە)، چاڭ چۈن جېڭرېن (يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە)، چېن چېڭ (مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە) قاتارلىق راھىبلار ۋە ئەلچىلەر ھىندى ۋە غەرب سەپىرىدە تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن ھەم ئۆز سەپەر خاتىرىلىرىدە تاشقورغان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.

## 3. قەدىمكى زاماندا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىز - خاتىرىلىرى

ئادەتتە، شىنجاڭ رايونى، جۈملىدىن پامىر تاشقورغان رايونىغا كەلگەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ئالدى بىلەن ماركوپولو تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى يىپەك يولىدا شەرقلىكلەرلا غەربكە قاتنىغان، غەربلىكلەر شەرققە قاتنىمىغان دېيىش، ئەقەللىسى، سەپەر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ يىراق شەرق ھىندىغىچە زەپەرلىك يۈرۈش قىلغانلىقى، ھېرودوت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 484 — 425 - يىللار) نىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى، ئارىئان (تەخمىنەن مىلادىنىڭ 95 — 175 - يىللىرى) نىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش خاتىرىسى»، سترابون (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 63 - يىلدىن مىلادى 20 - يىللارغىچە) نىڭ «گېئوگرافىيە» ئەسىرى، پتولمى (تەخمىنەن مىلادى 90 — 168 - يىللار) نىڭ سەككىز توملۇق «گېئوگرافىيە» ئەسىرى، تارىخچى سۇفېن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 430 — 354 - يىللار) نىڭ «يىراققا يۈرۈش خاتىرىسى» ئەسىرى، جۇغراپىيىچى پلونىينىڭ «تەبىئەت تارىخى» ئەسىرى، تارىخشۇناس كوئىنتوس كورتىئوسنىڭ «ئىسكەندەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ، جۈملىدىن پامىر ۋە تاشقورغان رايونىغا ئائىت كۆپلىگەن خاتىرىلەر ئۇلارنىڭ يىپەك يولىدا سەپەر قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ماركوپولودىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئىسلام تەرغىباتچىلىرى پامىردىن ئېشىپ شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ دىن تارقاتقانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇڭا، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن ۋاقتىنى ماركوپولودىن باشلاپ

www.uyghurkitap.com

ھېسابلاش تارىختىن بىخەۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك.

بۇ يەردە بىز قەدىمكى زامانلاردا تاشقورغان رايونىغا كەلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزكۇر رايوننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

**1) مائېس تىتايانۇس ۋە ئۇنىڭ سەپىرى توغرىسىدىكى ۋاستىلىك خاتىرىلەر**

مائېس تىتايانوس ماكېدونىيىلىك چوڭ سودىگەر. ئۇ مىلادىنىڭ I ئەسىرىدە، يىپەك يولى ۋە بۇ يولنىڭ بويلىرىدىكى سودا ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئادەم ئەۋەتكەن. بۇ ئادەملەر ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى سۇرىيىنىڭ پايتەختى ئانتىئوكىيە شەھىرىدىن تاكى سىرىس دۆلىتىگىچە بولغان سودا يولىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن. شۇ چاغلاردا تىرويانلىق مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى مارىنوس بولسا مائېس تىتايانوسنىڭ يىراق سىرىس دۆلىتىگىچە قىلغان سەپەر ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىرىنى خاتىرىلىگەن. كېيىنرەك گرېك جۇغراپىيە ئالىمى پتولمى ئۆزىنىڭ «گېئوگرافىيە» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە، مائېس تىتايانوسنىڭ سەپەر تەپسىلاتىنى بايان قىلغان. پتولمىنىڭ خاتىرىلىشىچە، بۇ سەپەر جەمئىي يەتتە ئايلىق مۇساپە ئىكەن. ماكېدونىيىلىك سودىگەرلەر پېرسىيىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەمەدان، چاھىرود، مەرۋى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ قەدىمكى باكتىرىيە پايتەختى پاكتىرا (بەلخ شەھىرى) غا كەلگەن. ئاندىن پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەرگە بارغان. تاش شەھەر شۇ چاغلاردا كاتتا سودا مەركىزى بولغان ئىكەن. غەرب سودىگەرلىرى بىلەن سىرىس دۆلىتى سودىگەرلىرى مۇشۇ تاش شەھەردە ئۆزئارا مال ئالماشتۇرىدىكەن. فرانسىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس ل. بويلنوس ئۆزىنىڭ «يىپەك يولى» ناملىق ئەسىرىدە مائېس تىتايانوس بارغان تاش شەھەر تاشقورغاندىكى تاش شەھەر دەپ دەلىللىگەن.①

ل. بويلنوسنىڭ يۇقىرىدىكى دەلىللىشى ئاساسسىز ئەمەس. مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 - يىللىرى گرېكپەرەس سەلۇك خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان باكتىرىيە خانلىقى ئۆز ۋاقتىدا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنى كونترول قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ھازىرقى تاشقورغانغىچە يېتىپ كەلگەن. «تارىخشۇناس راۋلىنسۇن ئۆزىنىڭ باكتىرىيە تارىخى ناملىق ئەسىرىدە، باكتىرىيە كونترول قىلغان دائىرە جوڭگونىڭ چېگرىسىغىچە كېڭەيگەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ، سترابوننىڭ دېمەكچى بولغىنى باكتىرىيىنىڭ تەسىرى جوڭگونىڭ غەربىي قىسىم چېگرىسىغا جايلاشقان تاشقورغانغىچە يېتىپ كەلگەندىن ئىبارەت دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ مەقسىتى سودا ئۈچۈن دېڭىزدىن چىقىش ئېغىزى ئىزدەش ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇلارنىڭ جوڭگوغا بارىدىغان چوڭ يولنى كونترول قىلماقچى بولۇشىمۇ شۇ مەقسەت ئۈچۈن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇن چىقىرىپ، جوڭگونىڭ تاشقورغاندىن ئىبارەت چەت چېگرا رايونىنى ساك ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىشىمۇ سودا ئۈچۈن بولغان.»②

**2) ماركوپولو ۋە «ماركوپولو خاتىرىسى» دىكى تاشقورغان مەلۇماتلىرى**

سۇ شەھىرى ۋېنېتسىيىدە تۇغۇلغان مەشھۇر سەيياھ ماركوپولو مەشرىق ئېلى جوڭگوغا قىلغان سەپىرىدە پامىردىكى تاشقورغان تەۋەسىگە كىرگەن. ئۇ بۇ يەردە ئارغىماقلارغا مىنىپ، تىلسىمات كوھىستانىنىڭ مەنزىرىسىدىن ھوزۇر ئالغان. پامىرنىڭ ھاۋا ئىقلىمى، گىياھ - ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ھايۋاناتلىرى توغرىسىدىكى

---

① ل. بويلنوس: «يىپەك يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 58-، 59 - بەتلەر.

② «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىل نەشرى، 128 - بەت.

كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى «ماركوپولو خاتىرىسى» گە كىرگۈزگەن. ماركوپولو پامىردا تۇرغان چېغىدا، دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل هايۋان — پامىر ئارقىرىنى كۆرگەن ھەمدە ئۇنى تۇنجى قېتىم ياۋروپاغا تونۇشتۇرغان. شۇنىڭدىن بېرى دۇنيادىكى نۇرغۇن سەيياھلار، زوئولوگلار، مەرگەنلەر ئارقا - ئارقىدىن تاشقورغانغا كېلىپ، پامىر ئارقىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. «ماركوپولو ئارقىرى» دەپ سۈپەتلىنىدىغان پامىر ئارقىرى بۈگۈنكى كۈندە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان ئېسىل ھايۋانلارنىڭ بىرىدۇر.

### 3) ئاۋرېل ستەيىن ۋە ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسىدىكى تاشقورغان ئۇچۇرلىرى

ئاۋرېل ستەيىن (1862 — 1943) ۋېنگىرىيىنىڭ بۇداپېشت شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1904 - يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئۇ دۇنياغا مەشھۇر ساياھەتچى، ئارخېئولوگ ۋە تارىخشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ «قەدىمكى خوتەن»، «غەربىي يۇرت»، «ئاسىيا كىندىكى» («غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەندەك يىرىك ئىلمىي ئەسەرلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، ئىلمىي لېكسىيىلىرى ۋە ماقالىلىرى بار، ستەيىننىڭ شىنجاڭ رايونىدىن يىققان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى، يازما يادىكارلىقلار، ئاسارە - ئەتىقىلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، بايقىلىشىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئىلىم ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان. خۇددى مەشھۇر شەرقشۇناس ۋېنسېنت سىمىتنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىياللار شۇ قەدەر كۆپ، مەزمۇنى شۇ قەدەر مولكى، ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ھېچقاچان تامامىلىغىلى بولمايدۇ. ئونلىغان ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىسلەر بىرنەچچە ئەۋلادقىچە تەتقىق قىلسىمۇ، ئۇنى تۈگىتىشكە كۆز يەتمەيدۇ.

ستەيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا قىلغان تۆت قېتىملىق ساياھىتىدە ئۈچ قېتىم تاشقورغاندىن ئۆتكەن. بۇ جەرياندا ئۇ تاشقورغاننىڭ مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بولغان مەلىكە قورغان ۋە قەدىمكى تاش شەھەردە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن بۇ ئىككى خارابىلىقنىڭ رەسىمىنى ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسىگە كىرگۈزگەن ھەم مەلىكە قورغان رىۋايىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرغان. بۇددا دىنىنىڭ كامالەت ئىگىسى شۈەن زاڭنىڭ ماڭغان يولىنى دەلىللىگەن ھەمدە ئۇلۇغ مۇزتاغ ئاتا مەنزىرىسىنى سەيلە - تاماشا قىلغان. ستەيىن ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە، تاشقورغاندىكى سەپەر سەرگۈزەشتىسى بىلەن كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى مۇنداق قىزىقارلىق بايان قىلغان: «مەن 1900 - يىلى تۇنجى قېتىم تاغدۇمباش پامىردىن ئۆتۈپ جۇڭگو تۇپرىقىغا كەلگەنىدىم. ھازىر يەنە بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىشىم. بۇ ئېگىز تاغ باغرىدىن ماكان تۇتقان سەرىكۆي (تاشقورغاننىڭ ئەنئەنىۋى نامى) كىشىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە قىش پەسلى 10 ئاي، ياز پەسلى پەقەت ئىككى ئايلا بولىدىكەن. مىلادىنىڭ 642 - يىلى شۈەن زاڭ ھىندىستاندىن قايتىش سەپىرىدە بۇ يەردە ساياھەتتە بولغانىكەن. ئىلگىرى مەن بۇ راھىبنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، نۇرغۇن بۇددا ئىزنالىرىنى تاۋاپ قىلغانىدىم. ھازىرمۇ مەن ئۇنىڭ ئىزى بويىچە مېڭىپ تېخىمۇ شەرققە قاراپ سەپەر قىلىۋاتىمەن. مەن تاغ يولىدىن پەسكە قاراپ چۈشۈۋاتقىنىمدا بىر قەدىمكى قورغاننى ئۇچراتتىم. يول باشلىغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قورغان ھەققىدە بىر قىزىقارلىق قەدىمكى رىۋايەت بار ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردا خاقانى چىننىڭ مەلىكىسى يىراق مەشرىقتىن پارسقا سەپەر قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنىكەن. بۇ قورغان ئەنە شۇ مەلىكە ئۈچۈن ئاتاپ سېلىنغانىكەن. بىر ئېگىز تاغ چوققىسىدا ياسالغان بۇ قەدىمكى قورغان تاغدۇمباش دەرياسى ئۆتىدىغان جىلغىنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر

www.uyghurkitap.com

چوققىدا ئىكەن، يەرلىك خەلق ئۇنى «قىز قورغان» دەپ ئاتايدىكەن، مەنىسى «مەلىكە قورغان» ئىكەن. بۇ قورغان شۇەن زاڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرغان، ناھايىتى ئۇزۇن زامان ئۆتكەچ، قورغان ھازىر خارابىلىققا ئايلىنىپتۇ. لېكىن بۇ يەرنىڭ كېلىماتى قۇرغاق بولغاچقا، قورغاننىڭ سېپىللىرى ۋە قورغان ئىچىدىكى تورارخانىلەرنىڭ ئىزنالىرى يەنىلا ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. قورغاننىڭ سېپىللىرى لاي كېسەك ۋە شاخ - شۇمبۇللار بىلەن ئارىلاش قوپۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن خېلىلا بىجىرىم ساقلىنىپتۇ. قورغاننىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى تېخىمۇ شەرققە ماڭغاندا مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى مەلىكە قورغانمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى قەلئەچىلىك ئۇسلۇبى بويىچە ياسالغان.

مەن ئۇ يەردىن سەرىكۆينىڭ بازىرى پولى (تاشقورغان) گە كەلدىم. بۇ يەردە مەن يەنە بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ساياھەت قىلدىم. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ دائىرىسى خېلى چوڭ بولۇپ، تۆت ئەتراپى تاش- كېسەكتىن قوپۇرۇلغان سېپىل ئىكەن، ئوتتۇرىسىدا غايەت زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان جۇڭگو قەلئەسى بار ئىكەن، ھازىر ئۇ بىر كىچىك كەنتكە ئايلىنىپتۇ، خالاس. ئۇ يەردىن شەرقىي شىمال مەنزىلى بويىچە بەش مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى چېچەكلىك داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئالتە كۈن مېڭىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدۇق. جۇغراپىيە ۋە ئارخېئولوگىيە خاتىرىسىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ماڭغان بۇ يولىمىز بۇنىڭدىن XI ئەسىر ئىلگىرى مېنىڭ جۇڭگولۇق بۇددىست ئۇستازىم شۇەن زاڭ بېسىپ ئۆتكەن يولنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، قىلچىمۇ خاتاسى يوق.»[①] ئەگەر ستەيىننىڭ يۇقىرىدىكى بايانىدىكى مەلىكە قورغان توغرىسىدىكى قاراشلىرى دەلىللەشتىن ئۆتۈپ، ھەقىقىيلىكى ئېنىقلانسا، ئۇ چاغدا، مەلىكە قورغاننىڭ تارىخى 2000 يىلغا سوزۇلىدۇ.

## 4) سېۋېن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ تاشقورغان رايونىدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى

سۋېن ھېدىن (1865 — 1952) شۋېتسىيەنىڭ جاھانشۇمۇل كاتتا جۇغراپىيەچىسى، خەرىتىشۇناسى ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىسى. ئۇ ئۆمرىدە تۆت قېتىم غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا (جۇملىدىن شىنجاڭ)، ھىمالايا تېغى، موڭغۇل دالاسى قاتارلىق جايلاردا جۇغراپىيىلىك، گېئولوگىيىلىك، ئارخېئولوگىيىلىك، ھايۋاناتشۇناسلىق ۋە كېلىماتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى، «1889 — 1902 - يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى» ناملىق سەككىز توملۇق ئەسىرى، «ھىمالايادىن ئۆتۈش» ناملىق ئۈچ توملۇق ئەسىرى ۋە 1937- يىلدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان «دوكتور سۋېن ھېدىن يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو - شۋېتسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» ناملىق 55 توملۇق ئەسىرى مەزمۇنىنىڭ پىشىقلىقى، ئىلمىيلىكى ۋە ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن دۇنيا ئىلىم - پەن تارىخىدا سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

سۋېن ھېدىن شىنجاڭ رايونى ساياھىتىدە ئۈچ قېتىم تاشقورغانغا بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ، مۇز تاغ ئاتا چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز) نىڭ 6300 مېتىر ئېگىزلىكىگىچە چىقىپ قايتىپ چۈشكەن. ئۇ 1894 - يىلى 10 - ئايدا، تاشقورغان رايونىدا پامىر تاغلىرى توغرىسىدا مەخسۇس جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن

---

① شياڭدا تەرجىمە قىلغان «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى بىلەن شاڭخەي كىتابخانىسىنىڭ 1987 - يىل نەشرى، 33 -، 34 - بەتلەر.

يېگىلىقلارنى بايقاپ، جۇغراپىيە ئىلمىدا نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تولدۇرغان، بىر قىسىم كەمتۈكلەرنى تۈزەتكەن. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئىلىم - پەن تارىخىدا ئەبەدىيلىك ئابىدە بولۇپ ساقلانغۇسى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەسەۋۋۇپ شائىرى ۋە جاھان كەزدى دەرۋىش بابارەھىم مەشرەب كېيىنكى ئۆمرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئايلىنىپ، تاشقورغاننىڭ چىچەكلىك داۋىنىغا كەلگەندە، قاتتىق جۇت - شىۋىرغانغا ئۇچرىغان. بالا - قازادىن ئامان - ئېسەن قالغان شائىر بابارەھىم مەشرەب ئۆزىنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«چىچەكلىكتەك مەرەزنى كۆرگىنىم يوق،
خۇداھىم ھازىر ئىكەن ئۆلگىنىم يوق.»

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى تاجىك خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئەنگلىيە، روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ياپونىيىلىك نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، ئاخباراتچىلار، ھەربىي سەركەردىلەر ئارقا - ئارقىدىن تاشقورغان رايونىغا كېلىپ، ئوخشىمىغان مەقسەت ۋە مۇۋەددىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، تاشقورغان رايونى، جۈملىدىن تاجىك خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇلاردىن پائۇل پېللىر (فرانسىيىلىك)، ئالبېرت فون لېكوك (گېرمانىيىلىك)، ھنوتېستومۇ (ياپونىيىلىك)، ئوۋېن لاتېمور (ئامېرىكىلىق)، داگوگۋاڭروي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى (ياپونىيىنىڭ) قاتارلىقلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى بۇلاردىن بولۇپمۇ پائۇل پېللىر، ئالبېرت فون لېكوك، داگوگۋاڭروي قاتارلىقلار دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە نوپۇزلۇق ئالىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ رايونى، جۈملىدىن تاشقورغان ھەققىدىكى يازما خاتىرىلىرى تەتقىقاتتا مۇئەييەن قىممەت ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 4. قەدىمكى دەۋردە تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرە - ئىزنالارنىڭ تارىخى ۋە ئىلمىي قىممىتى

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئالەمشۇمۇل رول ئوينىغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى يىپەك يولىدا شەرق ۋە غەربنىڭ سان-ساناقسىز ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭ رايونى، جۈملىدىن پامىر ۋە تاشقورغاندىن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نوم ئېلىشقا كەلگەن بولسا، بەزىلىرى ئەلچىلىككە كەلگەن. بەزىلىرى ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئاسارە - ئەتىقە يىغىشقا كەلگەن بولسا، بەزىلىرى جاسۇسلۇق، ئىشپىيونلۇق ۋە ئاخبارات ئوغرىلىغىلى كەلگەن. ئىشقىلىپ، بۇ رايونلاردىن ئۆتكەنلەرنىڭ مەقسىتى، نىيىتى ۋە مۇددىئاسى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى شۇنداقلا تارىخىي رېئاللىق. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، ھەربىر ئېكسپېدىتسىيىچى بۇ رايونلاردا ئۆز پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈش بىلەن بىرلىكتە، مەزكۇر رايونلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپلىگەن يازما خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ھالبۇكى، بۇ يازما خاتىرىلەر زور تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بولۇپمۇ تاشقورغاندەك تەبىئىي بېكىنمە رايونغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە.

بىرىنچىدىن، تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يازما خاتىرىلىرى مەزكۇر رايوننىڭ قەدىمكى زامان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى خېلىلا روشەنلەشتۈرۈپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى بۇ ھەقتە بىلىش، يېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەگەر بۇ يازما

www.uyghurkitap.com

خاتىرىلەر بولمىسا، تاشقورغان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخى يېپىق ھالەتتە تۇرغان بولاتتى. بىز مۇشۇ يازما خاتىرىلەرگە تايىنىپ، ئالدىنقى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «پولى بەگلىكى»، كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «دارا بەگلىكى»، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن تارتىپ تاكى تاڭ خاندانلىقىنىڭ كەييۈەن يىللىرى (مىلادىنىڭ 713 — 727 - يىللىرى) غا قەدەر 500 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن «قىرپانە بەگلىكى»، تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى غەربنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام «سۇڭلىڭ بوقالى»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سەرىكۆي مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» بىلەن «پولى مەھكىمىسى» نىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخىنى، قەدىمكى تاشقورغان رايونىدىكى زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنى، مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن قەدىمكى تاش شەھەر، مەلىكە قورغان قاتارلىقلارنىڭ تارىخىنى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تاشقورغان ئۆتۈشمىسىدە يۈز بەرگەن خىلمۇخىل سىياسىي - ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى «مەلىكە قورغان رىۋايىتى»، «دۇختەرى قەيسەرى چىن داستانى» قاتارلىقلار-نى بىلىپ چىقتۇق. كىشىلەر مۇشۇ تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسەن، تاشقورغان رايونىنى، جۈملىدىن تاجىك مىللىتى ئىجتىمائىي تارىخىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلما جازىسىنى تىكلىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يازما خاتىرىلىرى بىلىش ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئىككىنچىدىن، تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن شەرق ۋە غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ھەر خىل كىشىلەر بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشت - كەچۈرمىشلىرى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ئەلچىلىرىدۇر. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ھازىرقى تاجىك مەدەنىيىتى تەركىبىدە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ مەدەنىيىتى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرى كەڭ كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆتكەنلەر ئارقىلىق تاجىكلار رايونىغا تارقىلىپ، يەرلىك مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن. قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق يەنە تاشقورغان رايونىغا زەردۇشت دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، جۈملىدىن ئىسلام دىنىنىڭ شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ تارقىلىپ، مۇرەككەپ ئىدېئولوگىيە قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن سانسكرىت تىلى، ساك تىلى، سوغدى تىلى، توخار تىلى؛ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن قەدىمكى تۈرك تىلى، چاغاتاي تىلى، موڭغۇل تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قىرغىز تىلى، ئۆزبېك تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن چاڭ قەبىلىلىرى تىلى، تۈبۈت تىلى، خەنزۇ تىلى؛ ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئەرەب تىلى تاشقورغان رايونىغا كىرىپ، كۆپ تىللىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ماھىيەتتە يىپەك يولىدىكى سودا كارۋانلىرى بىلەن ساياھەتچىلەر تارقاتقان. شۇڭا، كىشىلەر يىپەك يولىنى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكى دەپ چىرايلىق سۈپەتلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تارىختا تاشقورغان رايونىدىن ئۆتكەن سەيياھلار بۇ رايونغا مەدەنىيەت

تارقاتقۇچىلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ جاھانغا تارقاتقۇچى ئەلچىلەردۇر. تاشقورغان رايونىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن چوگىر چوققىسى، مۇز تاغ ئاتا، چىچەكلىك داۋىنى، ھايۋاناتلاردىن «ماركوپولو ئارقىرى»، تاغدۇمباش چوڭ قويرۇقلۇق قويى، پامىر قوتىزى جاھانغا داڭلىق. ئىجتىمائىي - مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر، مەلىكە قورغان، بۈركۈت نەي، «مەلىكە قورغان رىۋايىتى» قاتارلىقلارمۇ شەرق ۋە غەربكە مەشھۇر، ھالبۇكى، بۇلارنى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۆز خاتىرىلىرى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇشتۇرغان. بۇددا راھىبى شۈەن زاڭ بىلەن ئاۋرېل ستەيىننىڭ يازما خاتىرىسى بولمىغان بولسا، تاش شەھەر بىلەن مەلىكە قورغاننىڭ نام - ئاتىقى بەلكىم چىقماس ئىدى. ماركوپولو تونۇشتۇرمىغان بولسا، پامىر ئارقىرىنىڭ نامىمۇ ئۇ قەدەر مەشھۇر بولماس ئىدى. ئىشقىلىپ، قەدىمكى زامان ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئېسىل دۇردانىلىرىنى خەلقئالەمگە تونۇشتۇردى. بىز ئۇلاردىن زىيادە مىننەتدارمىز. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ نامى تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدا ئەبەدىي تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە ساقلىنىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل نەشرى.
2. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى.
3. «قەدىمكى غەربىي يۇرت سەپەر نامىلىرى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل نەشرى.
4. ل. بويلىنوس: «يىپەك يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىل نەشرى.
5. «25 تارىخ»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى بىلەن شاڭخەي كىتابخانىسىنىڭ 1986 - يىل نەشرى.
6. «لوياڭدىكى ئىبادەتخانىلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1963 - يىل نەشرى.
7. «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى بىلەن شاڭخەي كىتابخانىسىنىڭ 1987 - يىل نەشرى.
8. «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ساياھەتچىلەر»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىل نەشرى.
9. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى.
10. مۇشۇ تېمىغا ئالاقىدار مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللاردىكى ماقالىلەر.


**تەھرىرى: كۈرەش مەھمۇتجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «بۇگۇر» دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە مۇھاكىمە

يۇنۇسجان ئېلى

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلان قىلىنغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئاساسەن، «بۇگۇر» دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى ناملىرىنىڭ بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىنىش جەريانى ئىنكەنلىكى بايان قىلىندۇ.

بۇگۇر شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭدىكى تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن قەدىمكى دەۋردىلا شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار زور سىياسىي، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن بىرگە تارىخ سەھنىسىگە چىققان. شۇ سەۋەبتىن يازما مەنبەلەردە، بۇگۇر توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا خاتىرە قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

شۇ يىلى يازدا، خەن خاقانلىقى 20 مىڭدىن ئوشۇق قوشۇن بىلەن ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولغان. ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھونلارغا زەربە بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن، لېكىن، بۇ چاغدا خاقان ۋۇدى پەرغانىگە جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. چۈنكى، پەرغانىدەك كىچىككىنە بىر دۆلەتنى ئۇرۇشۇپ ئالالمىسا، باكتېرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خەن خاقانلىقىنى كۆزگە ئىلماي قوياتتى. پەرغانە ئېتى زادىلا قولغا كەلمەيتتى. ئۈيسۇن، بۇگۇر (仑头) قاتارلىق بەگلىكلەر خەن ئەلچىلىرىنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلاتتى.①

بۇنىڭدىن بۇگۇرنىڭ ئەسلىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە دەسلەپتە «لۇنتۇ» (仑头) دەپ ئېلىنغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا ھونلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى جاي بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «خەننامە. جياڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى مەزمۇنلارمۇ ئاساسەن يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت بۇگۇرنىڭ خەنزۇچە نامىلا ھازىرقى ئاتىلىشى بويىچە «لۇنتەي» (轮台) دەپ يېزىلغان.

لېكىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا، لۇنتەي دېگەن نام ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىككى جايدا كۆرۈلگەچكە، چاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ تۈزۈلگەن بەزى قورال كىتابلاردا، ئىككىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەسىلەن، «خان

تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، «لۈنتەي ئايمىقى بېشبالىققا قاراشلىق 23 تۇتۇق مەھكىمىنىڭ بىرى، ناھىيىگە قارىغاندا كىچىكرەك ئىدى. ھەر ئىككىلىسى بېشبالىققا تەۋە بولۇپ، ئەسلىدىنلا ئىككى جاي ئەمەس» ② دېيىلگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قايتا نەشر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» دا، لۈنتەي «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە ۋە ئايماق قىلىنىپ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئورنى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىدە» ③ دېيىلگەن. يېقىندىن نەشر قىلىنغان تۈت توملۇق «سىيۇەن» دە، «يەرلىك نامى يۇگۇر ياكى بۈگۈر دەپ ئاتىلىدۇ. خەن ۋۇدىنىڭ دەۋرىدە چېرىكچى بەگ بۇيەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ناھىيە قىلىنغان. ئورنى شىنجاڭنىڭ مىچۈەن ناھىيىسىدە» ④ دېيىلگەن. بۇنداق قاراش تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى ئىككى لۈنتەينىڭ نام جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىغا ئاساسەنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىككىسى باشقا - باشقا ئىككى جاينىڭ نامى ئىدى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى لۈنتەينىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى دائىرىسىدە ئىكەنلىكى «تارىخنى خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» دە ئالللىقاچان كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن. يازما ماتېرىياللاردىن كۆرە، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندىمۇ، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1928 - يىلى بۈگۈرگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 20 كىلومېتر كېلىدىغان چۆللۈكتىكى قەدىمكى شەھەر كۆيۈك شەھىرىنى تۇنجى بولۇپ قەدىمكى لۈنتەي بەگلىكىنىڭ ئورنى دەپ يەكۈن چىقارغان: «تەخمىنەن بەش كىلومېتر يول يۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر قەدىمىي شەھەرگە يېتىپ باردۇق، شەھەرنىڭ نامى كۆيۈك شەھەر ئىكەن، يەنى ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن دېگەن مەنىدە ئىكەن. شەھەر سېپىلى خارابىلىشىپ، سېپىلنىڭ ھۇلىلا قالغان، تۆت چاسا شەكىلدە سېلىنغان، پۈتۈن ئايلانمىسى تەخمىنەن 933 مېتر كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا توپا تۇر بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئالتە مېتردىن ئاشىدۇ، پۈتۈنلەي توپىدىن ياسالغان. ساپال پارچىلىرى پۈتۈنلەي تېشى قىزىل، ئىچى قارا كاھىش پارچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئارىلىرىدا تېگى قىزىل، قارا گۈللۈك رەڭلىك ساپال پارچىلىرىمۇ تېپىلىدۇ، بۇ شەھەر خېلى بۇرۇن بىنا قىلىنغان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتۇ ( 仑头 ) بەگلىكىنىڭ قەدىمكى ئورنى بولۇشى مۇمكىن.» ⑤

خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىن ئىلگىرى ئەنگلىيىلىك ستەيىنمۇ بۈگۈرگە كەلگەن بولۇپ، ئۇ كورلىدىن كۇچاغا ئۆتۈش سەپىرىدە بۈگۈردە تۇرۇپ، قىسمەن تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغاچقا، قەدىمكى لۈنتەي بەگلىكىنىڭ ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى دائىرىسىدە ئىكەنلىكىدىن سەل شۈبھىلىنىپ، پەقەت ئاھالىلەر رايونىغا يېقىن جايلاردىكى قۇملۇقلاردىلا ئاز - تولا قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن:

«مەن كورلىنىڭ غەربىدىن بەش ئۆتەڭلىك يول بولغان بۈگۈر قۇملۇقىنىڭ «خەننامە» دە تىلغا ئېلىنغان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى جايلاشقان لۈنتەي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، بىراق بۇ يەردە قەدىمكى دەۋرگە ئائىت ھېچقانداق يادىكارلىق تېپىلغىنى يوق. ھالبۇكى، مەن بۇ جايدىن كۇچاغا بارىدىغان توپا ئارىلاش قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى بويلاپ مېڭىپ، غايەت زور چۆللۈكتىكى بىر بۆلەك تۇر ئىزلىرىنى چېلىقتۇردۇم. بۇ، بەلكىم، قەدىمكى جۇڭگودىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان چوڭ يولنىڭ چوقۇم مۇشۇ يول بىلەن ئۆزئارا بىر يول ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسە كېرەك.» ⑥

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 1980 - ۋە 1981 - يىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق موزېينىڭ

www.uyghurkitap.com

مەدەنىي يادىكارلىقلار ئەترىتى بىلەن بۇگۇر ناھىيىلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە چارلاش ئەترىتىدىكىلەر بۇگۇر ناھىيىسى دائىرىسىدە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قەدىمكى شەھەر كۆيۈك شەھىرى توغرىسىدا ھېقىرىلغان يەكۈنىدە: «خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ ئېيتقانلىرىغا يەنى يىغىۋېلىنغان قىزىل ۋە قارا رەڭدە نەقىش چېقىرىلغان رەڭلىك ساپال قاتارلىق بۇيۇملار ئۈستىدىكى كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، خېلى بۇرۇن بىنا قىلىنغان بۇ شەھەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتۇ بەگلىكىنىڭ قەدىمكى ئورنى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان. بىزنىڭ كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈشىمىز ۋە يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئۈستىدىكى كۆزىتىش، تەھلىللىرىمىزگە ئاساسلانغاندىمۇ، قەدىمىي شەھەرنى مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە بىنا قىلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن دېگەن ھۆكۈمدە ئانچە چوڭ خاتالىق يوق» ⑦ دېيىلگەن. دېمەك، قەدىمكى شەھەر كۆيۈك شەھىرىنى قەدىمىي لۈنتۇ ۋە لۈنتەي بەگلىكىنىڭ ئورنى دەپ ھېسابلاش ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالدى. بۇنداق قاراشنىڭ توغرىلىق ئېھتىمالى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، بۇنى سىماچيەننىڭ يازغانلىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

«شۇڭا ئېرشى سانغۇنى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندا، ئەسكىرى كۆپ، ھەيۋىسى چوڭ بولغانلىقتىن، يول بويى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئاشلىق بېرىپ ئەسكەرلەرنى تەمىنلىدى. لۈنتۇغا بارغاندا، قارشىلىققا ئۇچراپ، بىرنەچچە كۈن جەڭ بولۇپ، قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن غەربكە قاراپ مېڭىپ 30 مىڭ خەن ئەسكىرى پەرغانىگە تىنچ - ئامان يېتىپ باردى.»⑧

بۇنىڭدىن لۈنتەي بەگلىكى تەسلىم بولمىغانلىقتىن، بىرنەچچە كۈن جىددىي جەڭ بولۇپ، شەھەر ۋەيران قىلىنىپ، زور قىرغىنچىلىق بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، قەدىمكى لۈنتەي بەگلىكىنىڭ ئورنىنىڭ دەل مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن تاشلىنىپ قالغانلىقى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمدى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى لۈنتەيگە كەلسەك، بۇ توغرىسىدىمۇ ئىلگىرى خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانىدى. دۆلەت ئىچىدە روسىيىلىك خالستوي ئەپەندىنىڭ قول يازمىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ساك يېزىقىدىكى «خېشىغا قىلىنغان ئەلچىلىك خاتىرىسى» ⑨ توغرىسىدىكى ئۇچۇر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى لۈنتەينىڭ ھازىرقى ئۈرۈمچى تەۋەسىدە ئىكەنلىكى مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلىشىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ دەل ئۈرۈمچىنىڭ ساك تىلىدىكى ئاتىلىشىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن سۆز ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى لۈنتەينى بىرقانچە جايدىن ئىزدەپ كۆرۈش خاھىشى ئاستا - ئاستا پەسەيدى. ئەمما بۇنىڭدىكى ئۇقۇشماسلىق «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىكى «ئىلگىرى غۇزلارنىڭ بېشبالىقتا بەش شەھىرى بولغاچقا، بەش شەھەرلىك ماكان دەپ ئاتالغانىدى. جېنگۇەننىڭ 14 - يىلىدىكى قوجۇنى تىنجىتىشتىن كېيىن ۋە بېشبالىق ئايمىقى تەسىس قىلىنىشتىن ئاۋۋال، ئىزچىل تۇردە تۈركلەر ماكان تۇتۇپ كەلگەنىدى. لۈنتەي دېگەن نامغا بولسا خەن دەۋرىدىكى لۈنتەينىڭ نامى قوبۇل قىلىنغان» ⑩ دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدە، مېنىڭچە، بۇگۇرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «لۈنتەي» دېگەن سۆز بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى «لۈنتەي» نىڭ تۈپ مەنىسىدە ئىنتايىن زور ئوخشاشلىقلار بولسا كېرەك. چۈنكى «كونا تاڭنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىكى يۇقىرىدىكى سۆز ھەرگىز ئاساسسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس، بۇنىڭدا تىل ۋە تارىخ جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلارمۇ كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى «لۈنتەي»

ئۇرۇمچىنىڭ قەدىمكى نامىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، يەنە كېلىپ ئۇ ساك تىلىدىكى ئاتىلىشىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «لۈنتەي» دېگەن سۆزمۇ ساك تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇقەررەر. بىراق، ئىلگىرى مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانلاردىن چۈەن بوچۈەن ئەپەندىنىڭ قارىشى سەل باشقىچىرەك بولۇپ، ئۇ «مەن ئۇلارنى باشقا مىللەت تىلىدىكى سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەسلى ئاھاڭىنى سۈرۈشتۈرگەندە «ئۇرۇمتاي» مىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن» [11] دەپ قارىغان. كېيىن شۆزىڭجاڭ ئەپەندى ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى تولۇقلاپ: «چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندا، لۈنتەي دېگەن نام ھونچە ياكى تۈركچە سۆز ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ساكچە سۆزدۇر، ئۇنىڭ مەنىسى ‹ياخشى جاي› ئەمەس، بەلكى ‹يۇقىرى ئېقىم رايونى› ياكى ‹دېھقانچىلىق رايونى› دېگەن سۆزدۇر» [12] دەپ يازدى. ئومۇمەن، مەيلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى «لۈنتەي» بولسۇن ياكى بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «لۈنتەي» بولسۇن، بۇ توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ھەممىسىدە، بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن.

يېقىندا مەن «خوتەن ساك تىلى تېكىستلىرى»نى كۆرۈش جەريانىدا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى «لۈنتەي»نىڭ ساك تىلىدىكى ئاتىلىشى بولغان «irumcina» دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدىغان «iru» دېگەن سۆزنى ئۇچراتتىم. ئەنگلىيىلىك ساك تىلى مۇتەخەسسىسى خ. ۋ. بەيلي ئەپەندى ئۇنى «خاس ئىسىم» [13] دەپ ئىزاھلىغان. «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى»گە ئاساسلانغاندا، «iruncina» دېگەن سۆز «īrum» ۋە «cina»دىن ئىبارەت بولۇپ، قارىماققا ھەر ئىككىلىسى بىرلا مەنىنى، يەنى «تال ۋە ئورمان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. «irum» دېگەن سۆزدىكى «m» تاۋۇشى بولسا، ئىسىم خاراكتېرىگە ئىگە ئۇلانما بولۇپ، ئادەتتە باشقا سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغىمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى «لۈنتەي»نىڭ تۈپ مەنىسى ئاساسەن «iru» دېگەن سۆز بىلەنلا خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، بۇنداق ئالاھىدىلىك بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «لۈنتەي» دېگەن سۆزىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، «irumcina» دېگەن سۆز بىلەن «iru» دېگەن سۆز ئايرىم - ئايرىم ھالدا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى «لۈنتەي» بىلەن بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «لۈنتەي»نىڭ ئەسلى ئاھاڭى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلى شۇكى، بۈگۈرنىڭ «لۈنتەي»دىن كېيىنكى يەنە بىر قەدىمكى نامى بولغان «ۋۇلېي» (乌垒) دېگەن سۆزمۇ مۇشۇ «iru» دېگەن سۆزنى مەنبە قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. قەدىمكى لۈنتەي بەگلىكىنىڭ لى گۇاڭلى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى جەريانىغا ئاساسلانغاندا، «ۋۇلېي» (乌垒) دېگەن نام تارىخىي ماتېرىياللارغا تەخمىنەن غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىلەن بىرگە كۆرۈلىدۇ. بۇ ھال چۈەن بوچۈەن ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاراملىق، تىرىكچىلىك، ئۆزىنى ئوڭشاشلار ئارقىلىق ئەسلىدىكى لۈنتەي بەگلىكىنىڭ قىرىلىپ توگەشكە تاسلا قالغان ئاھالىسى يەنە كۆپىيىدۇ، دۆلەت تۈزۈمىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ» [14] دېگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل نامنىڭ ئورنىنى يەنە بىر خىل نامنىڭ ئىگىلىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئورۇننىڭ يەرلىك نامىنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغىنىدەك «بەش قولدەك مەلۇم بولۇش» ھادىسىسى ئىدى. قىسقىسى، بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «لۈنتەي» دېگەن سۆز «iru» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دەسلەپ «لۈنتەي» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. كېيىن خەن ئەلچىلىرىنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ زېمىنى، تاغ - دەريالىرى، بەگلىكلىرى، ئاھالىسى، يولىنىڭ يىراق - يېقىنلىقى» توغرىسىدىكى

بىلىملىرىنىڭ ئىشىشىغا ئەگىشىپ، بىر قەدەر يېقىن ئاھاڭ تەرجىمە «ۋۇلېي» (乌垒) دېگەن شەكىلدە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك بىرى بەگلىكنىڭ نامى، بىرى شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، ۋاقىت جەھەتتىن، ئىلگىرى - كېيىندەك بولسىمۇ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ راۋاجى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، مىلادى 91 - يىلى غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى كۇسەننىڭ دائىرىسىگە يۆتكەلگەندە، بۈگۈر «ۋۇلېي» دېگەن نام بىلەن كۇسەننىڭ زېمىن دائىرىسىگە قوشۇلغان. مىلادى 648 - يىلى تاڭ سۇلالىسى كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندا، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بىر ئايماق يەنە مۇشۇ «ۋۇلېي» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ تاكى «بۈگۈر» دېگەن يېڭى نام مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر، بەزكۇر ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ كەلگەن.

«كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى لۇنتەي بىلەن بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان لۇنتەينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانمۇ، تامامەن يۇقىرىدىكى جەريان بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى ئىككى لۇنتەينىڭ ئەسلى ئاھاڭ جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئوخشاشلىق، يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن «iru» دېگەن سۆزنىڭ تۈپ مەنىسىدىكى ئوخشاشلىقتا گەۋدىلەنگەن، خالاس. شۇڭا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى «لۇنتەي» نىڭ ئەسلى ئاھاڭىنى «irumcina»، بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامىنى «iru» دەپ ئېيتىش تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن. «ۋۇلېي» بولسا «iru» نىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى يېقىن تەرجىمىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق يوق. ئەمما تارىخىي ماتېرىياللاردىكى لۇنتەي بەگلىكى بىلەن ۋۇلېي شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى ئايرىم پەرق، لۇنتەي بەگلىكى مۇنقەرز بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تارىخىي جەرياننىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ۋەقەدىن كېيىن لۇنتەي بەگلىكىنىڭ ئاھالىلىرى ھازىرقى بۈگۈرنىڭ جەنۇبىدىن شەرقىگە يۆتكىلىپ، «ۋۇلېي» دېگەن نام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى قايتا تىكلىگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا ئېرىشىلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى لۇنتەي بەگلىكىنى ئاپىرىدە قىلغۇچىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان، ساك قوۋملىرى بىلەن مەلۇم ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغان خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئانچە تەس ئەمەس. 1985 - يىلى 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئارخېئولوگلار بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ 18 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى چۇمپاق يېزىسى دائىرىسىدە قەدىمكى قەبرىلەردىن تۆت قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەن. ئېلان قىلىنغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق قېزىش دوكلاتىدا، «ئۇنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى توغرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق قېزىش دوكلاتىدا، بۈگۈرنىڭ چۇمپاق يېزىسىدىكى قەبرىلەر بىلەن خېجىڭنىڭ چابغا جىلغىسىدىكى قەبرىلەردە نۇرغۇن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر بار، ئۇلار ئوخشاش بىر خىل مەدەنىيەتكە يەنى چابغا مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغانىدۇق. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق قېزىشلار ئارقىلىق، بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى ...» [15] دېيىلگەن. چابغا مەدەنىيىتى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ قارامودۇن دېگەن جايىدىن تېپىلغان ئۆزگىچە بىر خىل يەرلىك مەدەنىيەت تىپى بولۇپ، «قەبرە تۈزۈلۈشى ۋە قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارغا قارىغاندا، چابغا جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرە مەدەنىيىتى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئالغۇي جىلغىسىدىكى مەدەنىيەت ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ» [16]. دېمەك، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چۇمپاق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئەكس ئېتىلگەن مەدەنىيەت، ساكلارنىڭ يالدامىسى بولغان ئالغۇي جىلغىسىدىكى مەدەنىيەت بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولۇپ، گۆرنى تىك كولاپ، ياغاچ ساندۇق ياكى ياغاچ قۇرۇلما بىلەن دەپنە

قىلىش ئادىتى ساكىلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولغان. بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۈگۈرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «لۈنتەي» دېگەن سۆزنىڭ ماتېرىيال ئاساسىنى ساك تىلىدىن ئىزدەشنىڭ توغرىلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«بۈگۈر» دېگەن نامغا كەلسەك، بۇ توغرىسىدىمۇ خېلى كۆپلىگەن تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت. بۇلار شۇسۇڭ يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بۈگۈر» دېگەن سۆز «ئىستېھكامغا يېقىنلىشىپ، باتۇرلارچە ئالغا يۈگۈرۈش» دېگەن سۆزدىكى «يۈگۈر» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش؛ «بۈگۈر ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بۈگۈر دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى بۈركۈت دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان» دېگەن قاراش؛ نيۇرۇجېن يازغان «شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بۈگۈر (轮台) بازىرىنى ئۇيغۇرلار بۈگۈر دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەقىللىق، دانىشمەن دەپ چۈشەندۈرۈلگەن» دېگەن قاراش؛ سۇبىيخەي ئەپەندى يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «چۈنكى بۈگۈر دېگەن سۆز، تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بارغۇت قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش ئاھاڭدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. تارىختىكى بۇگۇ (仆骨)، بۆكە، بۈگۈر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئاھاڭنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر» دېگەن قاراش. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقىنى «بۈگۈر بۆكە دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان» دېگەن كېيىنكى قاراشتۇر.

دەرۋەقە «بۈگۈر» دېگەن نام شىنجاڭ رايونىنىڭ تۈركىيلىشىشىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبى بار. تارىخشۇناسلىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلار بولسىمۇ، ئەمما تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى رايونلارنىڭ تۈركىيلىشىشى مىلادى 840 - يىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن خېلى ئىلگىرى باشلانغان. يەنى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۇ رايونلارغا كېلىپ ماكانلىشىشىنى، مىلادى 487 - يىلىدىكى قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئالاھىزەل غەربىي تۈركلەرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، زور بۆرۈلۈش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلىغان. بۇ خىل ئالدىنقى شەرت شۇ مەزگىلدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى رايونلاردىكى بوستانلىقلارغا زور ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ يېڭى بىر ۋارىسلىق دەۋرىنى ياراتتى. يەر - جاي نامىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشمۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ كېيىنكى ئۆتمۈشىنى بىلىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، «بۈگۈر» دېگەن نام دەل مۇشۇنداق ئۆتكۈنچى جەريانىنىڭ مەھسۇلى.

ئارخېئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «لۈنتەي» دېگەن نامدىن كېيىن «ۋۇلېي» بىر مەھەل بۈگۈرنىڭ يېڭى جۇغراپىيىلىك نامىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنى دەپ قارالغان ئەشمىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شور ۋە قۇمنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇنداق ھالەت خېلى بىر مەزگىلگىچە داۋام قىلغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ۋۇلېي ئايمىقى»نى بۈگۈرنىڭ شەرقىدە ئەمەس، غەربىدە تەسىس قىلىشى، بەلكىم مۇشۇنداق ئېغىر ئاقىۋەت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، تاڭ سۇلالىسى 648 - يىلى «ۋۇلېي ئايمىقى»نى تەسىس قىلغاندا، «بۈگۈر» دېگەن نام دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. چۈنكى بۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىم

مۇنەقلىق دەۋرىگە خاتىمە بېرىلگەن چاغ بولۇپ، ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى كۆرۈلۈشى، تامامەن رەسمىي يەر- جاي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىشى ئىدى. بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ رەسمىي قوللىنىلغان ۋاقتىدىن دېرەك بەرمەستىن، بەلكى ئاللىقاچان تاكامۇللىشىپ بولغان جاي نامى بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇگۇر سۆزىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىر قەدەر توغرا يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، مەھمۇت قەشقىرى «بۇگۇر، كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا» ⑰دەپ كۆرسەتكەن. ناھايىتى روشەنكى، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ بۇ سۆزىدە، بۇگۇرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇنىڭ شەرقىدىكى مۇھىم شەھەر كۇچانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ۋە پاسىل بولغان بىر قەلئە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇر بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ۋۇلېي شەھىرى» بىلەن قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى «بۇگۇر قەلئەسى»نىڭ ئورنىنى تېپىشنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىلگىرى بەزى ئالىملار «بۇگۇر قەلئەسى»نىڭ ئورنىنى، ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا دەپ قارىغان. مەسىلەن، ياپونىيىلىك ئابېئوتاكېئو قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقتىكى چېگرىسى كۇسەن توغرىسىدا توختىلىپ: «Bukur ئۇنىڭ سەل شەرقىدىكى بۇگۇر ياكى بۇگار بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېقىن بولغان تاغمۇ مۇشۇنداق ئاتالغان. ئۇمۇ بۇگۇر دەپ ئاتىلىدۇ»⑱ دەپ كۆرسەتكەن. بۇنداق قاراش ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن بولۇپ، مېنىڭچە، چۇمپاق يېزىسىنىڭ ئاقيار كەنتىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى لايسۇ ئېقىنىنىڭ قىرغىقىدىكى قەدىمىي شەھەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۇلېي شەھىرىنىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن. بۇ جاي ھېلىمۇ كۇچا ناھىيىسى بىلەن بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى بولۇپ، قەدىمكى چاغلاردىمۇ دەريا - ئېقىنلار بىلەن تاغلار ئوخشاشلا چېگرا ۋە پاسىل قىلىنغان. مەسىلەن، قۇمۇلدىكى بەش شەھەرنىڭ ئىككىنسى بولغان ئاستانە بىلەن تۇغۇچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىمۇ بۇگۇر نامىدىكى بىر كىچىك كەنت بولۇپ، بۇ كەنت قارلۇق غولىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان بولغاچقا «قۇمۇل كىچىكى ۋە ئۆتەڭى» دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى دەۋردە قۇمۇلدا يۈز بەرگەن ھەربىي توقۇنۇشلاردا، «بۇگۇر كىچىكى»نى كىم ئاۋۋال تىزگىنلىۋالسا، شۇ ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرگەن. يەنە كېلىپ «بۇگۇر كەنتى»نىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، پەلەمپەي شەكلىدە بولغاچقا، ستراتېگىيىلىك ئورنىمۇ مۇھىم دەپ قارىلىپ، ئاستانە بىلەن تۇغۇچىنىڭ پاسىلى قىلىنغان. لايسۇ قەدىمىي شەھىرى لايسۇ ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر ئۇزۇنچاق تۆت بۇرجەك شەكىلدە سېلىنغان. شەھەرنىڭ ئورنى سېرىق توپىلىق قاپتالدا بولۇپ، سېپىلنىڭ كۆپ قىسمىنى كەلكۈن سۈيى بۇزۇۋەتكەن. شەھەر ئورنىنىڭ دەريانىڭ قىرغىقىغا ئورۇنلاشقانلىقىدىن قارىغاندا، ستراتېگىيىلىك ئورنى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كېيىنچە كۇچار شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىق چېگرا ۋە پاسىل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئالاھىدىلىك مەھمۇت قەشقىرىنىڭ پىكرى بىلەن تامامەن بىردەك بولۇپ، بىزنى «بۇگۇر قەلئەسى» توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «بۇگۇر قەلئەسى» توغرىسىدا بەرگەن ئۇچۇرىدىكى «تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە» دېگەن ئېنىقلىما سۆزى «بۇگۇر قەلئەسى»نىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، بۇ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى «بۇگۇر قەلئەسى» لايسۇ قەدىمىي شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دائىرىدە دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى چۇمپاق يېزىسىنىڭ ئالاساي كەنتى تەۋەسىدە «بۇگۇر دۆڭ كەنتى» دەيدىغان بىر كىچىك كەنت بار. بۇ كەنت چۇمپاق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ سەل شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، يەر شەكلى ئاساسەن ئېگىزلىككە مەنسۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان

ئورنىمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، «بۇگۇر قەلئەسى» نىڭ ئورنى مانا مۇشۇ «بۇگۇر دۆڭ كەنتى» دە ياكى ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يېقىن بىر جايدا بولۇشى مۇمكىن. «بۇگۇر قەلئەسى» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ۋۇلېي شەھىرى» خاراب بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ «چېگرا ۋە پاسىل» لىق رولىغا ئەمەلىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «بۇگۇر قەلئەسى» جايلاشقان مۇشۇ دائىرىمۇ ئوخشاشلا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن كۇچا شەھىرى ئارىلىقىدىكى «چېگرا ۋە پاسىل» قىلىنغان.

بۇگۇر سۆزىنىڭ تۈپ مەنىسىگە كەلسەك، مېنىڭچە، «بۇگۇر» سۆزى بىلەن «لۇنتەي» ۋە «ۋۇلېي» نىڭ ئەسلى ئاھاڭى بولغان «iru» دېگەن سۆزدە ئىزچىللىق مەۋجۇت. «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى» بىلەن «خوتەن ساك تىلى تېكىستلىرى» گە ئاساسلانغاندا، «iru» سۆزىنىڭ «تال، ئورمان» دېگەن مەنىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنە «چوققا»⑲ دەيدىغان كۆچمە مەنىسىنىڭ بارلىقىمۇ مەلۇم. بۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇگۇر سۆزىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى توغرىسىدا بەرگەن يۇقىرىدىكى بايانىغا بىرقەدەر يېقىن كېلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، «تاغ ئۈستىدىكى قەلئە» دېگەن سۆزنى «چوققا، دۆڭ، قاپتال ئۈستىدىكى قەلئە» دەپمۇ چۈشىنىشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا تۈركىي تىللىق خەلقلەر هازىرقى بۇگۇر ناھىيىسى دائىرىسىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندە، ئەسلىدىكى «لۇنتەي بەگلىكى» بىلەن «ۋۇلېي شەھىرى» نىڭ ئەسلى ئاھاڭىنىڭ تۈپ مەنىسىگىمۇ ھۆرمەت قىلىپ، بۇگۇرنىڭ يېڭى بىر جۇغراپىيىلىك نامىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئەگەر پەرەز توغرا بولىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا بۇگۇر سۆزىنىڭ تۈپ مەنىسىنى «تاغ، چوققا، دۆڭ، ئېگىزلىك، قاپتال ئۈستىدىكى قەلئە» دېگەن مەنىدە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئەمما بىر نۇقتا ئايانكى، بۇگۇرنىڭ تارىختىكي قەدىمكى ناملىرىنىڭ ھەممىسى، تامامەن بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىش يولى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى خەلقلەرنىڭ تارىخىدىكى زور ئىزچىللىق گەۋدىلەنگەن. بۇ ئىزچىللىقنىڭ ئىزنالىرى يالغۇز بۇگۇرنىڭ قەدىمكى ناملىرىدىلا گەۋدىلەنگەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ تارىخىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

---

**ئىزاھلار:**

①⑧ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 510 -، 512 - بەتلەر.

② «خان تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 13 - كىتاب، مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى كۇتۇپخانىسى كۆپەيتىپ باستۇرغان خەنزۇچە نۇسخىسى.

③ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى»، سودا نەشرىياتىنىڭ 1933 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 1199 - بەت.

④ «سىيۇەن»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى نەشرى، Ⅳ توم، 3028 - بەت.

⑤ خۇاڭ ۋېنبى: «بۇگۇردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە خاتىرە»، خۇاڭ لىبي تۈزگەن «خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر

توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى نەشرى، 234 ـ بەت.

⑥ «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرتتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، شياڭدا ئەپەندى تەرجىمىسى، خەنزۇچە نەشرى، 198 ـ، 199 ـ بەت.

⑦ «بۈگۈر ناھىيىسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سانى.

⑨ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى، 178 ـ بەت.

⑩ «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»، 40 ـ جىلد.

⑪⑭ چۈەن بۇ چۈەن: «لۈنتەيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇرۇمچى دېگەن نامنىڭ مەنبەسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق خەنزۇچە 1 ـ سانى.

⑫ شۆزىڭجىڭ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈنتەي دېگەن نامنىڭ توغرىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق خەنزۇچە 4 ـ سانى.

⑬ خ. ۋ. بەيلى: «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى»، كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ ئىنگلىزچە نەشرى، 34 ـ بەت.

⑮ «شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چۆمپاق يېزىسىدىكى قەبرىلەرنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق قېزىش دوكلاتى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق خەنزۇچە 8 ـ سانى.

⑯ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 38 ـ بەت.

⑰ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، I توم، 468 ـ بەت.

⑱ ئابېئو تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، سوڭ شياۋيىڭ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 351ـ بەت.

⑲ خ. ۋ. بەيلى: «خوتەن ساك تىلى تېكىستلىرى»، كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ ئىنگلىزچە نەشرى، Ⅲ توم، 147 ـ بەت.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «قىسقىچە ئىجتىمائىي پەنلەر لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت كىتابلىرى نەشرىياتىنىڭ 1984 ـ يىل نەشرى، 70ـ، 324ـ، 609ـ، 610ـ، 911 ـ بەتلەر.

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى

# تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا

ئەركىن ئەرشىدىن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تۇرپانشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى، چەت ئەل ۋە ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەم تۇرپانشۇناسلىقنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ دىيار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ دىيارنى كېسىپ ئۆتەتتى.

ئوت يۇرتى دەپ نام ئالغان بۇ دىيار ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ بىر پارچە گۆھەر زېمىنى بولۇشقىلا مۇناسىپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مەرۋايىت زېمىن بولۇشقىمۇ مۇناسىپ.

بۇ دىيار ئۆزىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا تارىخى ئۇزۇن، زېمىنى كەڭ، تەسىر دائىرىسى زور بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت - سەنئىتى، قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيەت سەنئىتى، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيەت سەنئەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت، دىن، ئېتنوگرافىيە، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ساھەلىرىدىمۇ زور ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆلۈش تۆھپە قوشقان.

بۇ دىيارنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، شانلىق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىي مىراسلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۇرپان رايونىنىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ ياخشى ساقلىنىشىنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن.

تۇرپان رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقاش ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئالدى بىلەن چەت ئەللىكلەردىن باشلانغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە روسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە،

ياپونىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تەبىئىي مۇزېي دەپ نام ئالغان بۇ دىياردىن ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئېلىپ كېتىلگەن بۇيۇملار ناھايىتى نەپىس سىزىلغان تام رەسىملىرى، نەپىس ئىشلەنگەن ھەيكەللەر، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ ھۆججەت - خەت ئالاقىلىرى، تارشا پۈتۈكلەر، تاش ئابىدىلەرگە ئويۇلغان خەت ۋە سۈرەتلەر، قەبرە تەزكىرلىرى، يۇقىرى ماھارەتتە توقۇلغان يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، سەنئەت بۇيۇملىرى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل بۇيۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ھەمدە بۇ ساھەدە تەتقىقات ئىشلىرى باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل مەخسۇس ئىلىم شەكىللىنىپ، بۇ ئىلىم «تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان. بۇ ساھەدىكى ئىلىم ئىدىقۇتنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلغاچقا، يەنە «ئىدىقۇتشۇناسلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇرپانشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يىپەك يولى مۇتەخەسسىسى جىن شەنلىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دۇڭخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىقنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، «تۇرپانشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇ يېڭى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ۋە شەرقنىڭ بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى، شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن زور مىقداردىكى يازما ماتېرىيال - ھۆججەتلەرنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئەللەردىكى ئالىملار مۇشۇ ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ساھە بىردەك تۇرپانشۇناسلىق دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىۋېرسال ئىلىمدىن ئىبارەت» ① دەپ كۆرسىتىدۇ.

تۇرپانشۇناسلىق خۇددى دۇنخۋاڭشۇناسلىققا ئوخشاشلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە بۇ ساھەدىكىلەر تۇرپانشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىنى بىردەك ھالدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ تۇرپان دىيارىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى «تەكشۈرۈشى»دىن باشلانغان دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ ساھەگە تۇنجى بولۇپ قەدەم باسقان دۆلەت روسىيە ئىدى. 1879 - يىلى پېتىربۇرگتىكى پادىشاھلىق ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىنىڭ مۇدىرى رېگېل تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلايدۇ ھەمدە قەدىمكى خارابىزارلىقلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، «تۇرپاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نى يېزىپ چىقىپ، «پېتىمان جۇغراپىيە ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 1881- يىللىق 27- سانىدا ئېلان قىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى شەھەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ «ئۇ يەردە خۇددى رىم شەھىرىگە ئوخشايدىغان خارابە ئىزلار بار» دەپ يازغان.

1893 - يىلى، چارروسىيە يەنە ماپورروۋىسكىي، كوزلوۋ باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تۇرپانغا ئەۋەتىپ، تۇرپان رايونىدا ھاۋارايى پونكىتىنى قۇرۇپ، ھاۋا رايىنى كۆزىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇ يەردىن ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلارنى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى بۇددا نوملىرىنى يىغىپ كېتىپ، 1900 - يىلى «روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى (1893 — 1895)» دېگەن كىتابچىنى نەشر قىلدۇرىدۇ.

1897 - يىلى پېتىربۇرگ پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن كېلىمېنىز باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كېلىپ، مىڭ ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىنى، خەت ئويۇلغان ئابىدىلەرنى ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، سانسكرىتچە يېزىقلاردىكى قول يازما

هۆججەت، خەت ـ چەك، بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېتىپ، «تۇرپان ۋە ئۇنىڭدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ.

1899 ـ يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئون ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى»دا، روسىيىلىك تۈركولوگ رادلوۋ كېلەمېنز تۇرپاندىن ئېپكەلگەن يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. يىغىندا يەنە «ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش روسىيە كومىتېتى» دېگەن ئىلمىي ئورگان تەسىس قىلىنىدۇ.

1902 ـ يىلى هامبۇرگدا ئۆتكۈزۈلگەن ئون ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار «روسىيە كومىتېتى» دېگەن نامنى «ئوتتۇرا ئاسىيا يىراق شەرق تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە ـ تىلشۇناسلىق ـ مىللەتشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرتىپ، پېتربۇرگدا باش ئورگانىنى، ھەرقايسى ئەللەردە شۆبە ئورگانلارنى تەسىس قىلىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەت كېيىن، چار پادىشاھنىڭ تەستىقلىشىغا ۋە خىراجىتىگە ئېرىشىدۇ. ئودىنبۇرگ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

1909 ـ يىلى ئودىنبۇرگ «ئوتتۇرا ئاسىيا يىراق شەرق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى روسىيە كومىتېتى» نامى ئاستىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىل قىلىپ، قەشقەر ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان قەدىمكى بۇيۇملارنى، قەدىمكى پۇللارنى، رەسىم، ئويما بۇيۇملار ۋە ھۆججەت، خەت ـ چەكلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن ئېلان قىلىنغان دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، تۇرپاندا تارتىلغان فوتو سۈرەتنىڭ ئۆزىلا سەككىز مىڭدىن ئاشىدىكەن. ②

روسىيىلىك ئالىملارنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيەتلىرى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

1902 ـ يىلى، بېرلىن ئانتروپولوگىيە مۇزېيىنىڭ خادىمى گرۇندۋېل گېرمانىيىدىكى بىرقانچە چوڭ مالىيە گورۇھلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىل قىلىپ، روسىيە ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىدۇ، ئۇ تۇرپاندا بىر تەرەپتىن مىڭ ئۆي غارلىرىنى تەپسىلى خەرىتىگە چۈشەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ئورۇنلاردا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردىكى قول يازمىلار، مانى دىنى نوملىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئويما مەتبەئە پارچىلىرى قاتارلىق زور مىقداردىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى توپلايدۇ ۋە ئۇلارنى 46 ساندۇققا قاچىلاپ، 1903 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتىدۇ ھەم بېرلىندا «1902—1903ـ يىلغىچە ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالىدىن دوكلات» دېگەن كىتابچىسىنى نەشر قىلىدۇ.

1904 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ لىكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كېلىدۇ. ئۇلار تۇرپاندىكى بېزەكلىك، تۇيۇق قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىنى پۈتۈن قومۇرۇپ ئالىدۇ ھەمدە ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تۆھپىلىرى خەت قىلىنىپ ئويۇلغان تاش ئابىدىلەرنى، مانى دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوملارنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم لىكوكنىڭ ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئىككى يۈز ساندۇقتىن ئاشىدۇ.

1905 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گرۇندۋېل ـ لىكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يەنە تۇرپانغا كېلىپ داۋاملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، يەنى 1906 ـ يىلى لىكوك 30 ساندۇقنى، 1907 ـ يىلى گرۇندۋېل 174 ساندۇقنى گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن لىكوك قولىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن «ئىدىقۇت» دېگەن كىتابنى يېزىپ نەشر

قىلدۇردۇ.

روسىيە ۋە گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۇرپاندىن ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى مەشھۇر خەنزۇشۇناس پېللىئوتنىڭ ئاساسىي نىشانى كۇچار، دۇڭخۇاڭ بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان ئىدى. ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى داگوگۇاڭرۇي باشچىلىقىدا بۇددا دىنى ئورۇنلىرىنى ساياھەت قىلىش دېگەن نام بىلەن تۇرپان رايونىغا كېلىپ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن ھۆججەت، خەت - چەك، ۋەسىقىلەرنى، جەسەت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈردى. 1913 - يىلى، جىچۇەن شاۋېيلاڭ ئاستانە قەبرىستانلىقىدا يەنە بىر قېتىم قېزىش ئېلىپ باردى. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت داگو نامىدا ئېلان قىلىنغان «داگو ھۆججەت، خەت چەكلىرى» نىڭ ساقلاش نومۇرىلا 7733 گە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكىسى 4830 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 978 پارچە، سانسكرىت، تىبەت، موڭغۇل، تاڭغۇت يېزىقلىرىدىكىسى 425 پارچە، خەنزۇچە بىلەن باشقا يېزىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان ھۆججەتلەر 530 پارچىدىن ئارتۇق بولغان.

ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن كېيىن، ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1914 - يىلى 11 - ئايدا تۇرپانغا كېلىپ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى كېسىپ قومۇرۇش، بۇددا نوملىرىنى يىغىشتىن سىرت، ئاستانىدە قەدىمكى قەبرىلەرنى قازدۇ، يارغول شەھىرىنى خەرىتىگە ئالدۇ. بۇ قېتىم ئۇ تۇرپاندىنلا 182 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

1928 - يىلى ستەيىن نەشر قىلدۇرغان «ئاسىيانىڭ مەركىزى» دېگەن تۆت توملۇق كىتابتا تۇرپان بۆلىكىلا ئۈچ بابنى ئىگىلىگەن. يۇقىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، تەتقىقات سەۋىيىسىدە پەرق زور بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە روسىيىنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان. روسىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسەن پېتربۇرگتىكى ئاسىيا مۇزېيىدا يەنى «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارمىقىدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى لېنىنگراد داشۆسى» دە ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا، بولۇپمۇ ھۆججەت، ۋەسىقىلەرگە قارىتا 50 - 60 يىلدىن بۇيان ئومۇمىي يۈزلۈك رەتلەپ تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە ئىقتىدارى يەتمىگەچكە، بۇ بىباھا بايلىقلار تولۇق يورۇقلۇققا چىقىرىلمىدى.

1960 - يىلى يىگىرمە بەشىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتتا، يىغىنغا قاتناشقان جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا، لېنىنگراد شۆبىسى بىر قىسىم ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى كۆرگەزمە قىلدۇ، قالغان بويۇملارنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى تېخى نامەلۇم. پەقەت 1947 — 1963 - يىلغىچە ئۇلار ئىككى توملۇق «ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە يېزىقتىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى چۈشەندۈرۈش مۇندەرىجىسى» نى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ئىدى.

گېرمانىيىلىكلەر ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەر تۆرتگە مەنسۇپلىرى بېرلىن پرۇسسىيە ئاكادېمىيىسىدە (كېيىن بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن)، تام رەسىملىرى ۋە باشقا سەنئەت بويۇملىرى بېرلىن ئېتنوگرافىيە (ئىرقشۇناسلىق) مۇزېيىدا ساقلانغان. 2 - دۇنيا

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولىدۇ، ساق قالغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شەرقىي بېرلىنغا يۆتكەپ كېتىپ، كېيىن سابىق گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

دەسلەپكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 8000 پارچە، خەنزۇ - تىبەت يېزىقىدىكىسى 6000 پارچە بولۇپ، يەنە باشقا يېزىق تۈرلىرىدىكى ھۆججەت ۋەسىقىلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن پروفېسسور خاتماننىڭ رىياسەتچىلىكىدە بۇ ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى رەتلەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ، سابىق شەرقىي گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن، سابىق دېموكراتىك گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرق تىللىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتى «تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى»نى قۇرۇپ، ۋېنگرىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن خەنزۇشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ، رەتلەش، تەتقىق قىلىشنى باشلاپ، «بېرلىندىكى تۇرپان يازمىلىرى مەجمۇئەسى»نى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلدى.

ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1914 - يىلى شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىنى تەكشۈرۈشكە كېلىش ھارپىسىدا، ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن توختام تۈزۈشكەن بولۇپ، توختامنامە بويىچە ھىندىستان ھۆكۈمىتى ستەيىنگە 3 مىڭ فوندستېرلىڭنى خىراجەت قىلىشقا بەرگەن. شۇڭلاشقا ستەيىن بۇ قېتىم تۇرپاندىن ئەكەلگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىنىڭ بىر قىسمىنى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىغا ئەۋەتىپ بەرگەندىن سىرت، قالغىنىنى يېڭى دېھلىدىكى ھىندىستان دۆلەتلىك مۇزېيىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ستەيىن بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن خەنزۇ تىلىدىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس چاۋاننىسنىڭ ئوقۇغۇچىسى ماسپېرولىنىڭ تەھقىقلەپ ئىزاھلاپ بېرىشىگە بەرگەن بولۇپ، ماسپېرولى «ستەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيىسى جەريانىدىكى ھۆججەت ۋەسىقىلەر» دېگەن كىتابچىنى يېزىپ چىقىدۇ، مەزكۇر كىتابچىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بۆلۈملىرى ئايرىم - ھالدا دۈڭخۇاڭ، كرورەندىن تېپىلغان تارشا پۈتۈك، ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنلىرى بولغاندىن سىرت، ئۈچىنچى بۆلۈمدىن سەككىزىنچى بۆلۈمگىچە بولغان مەزمۇنلار پۈتۈنلەي تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆكۈمەت، شەخسلەرنىڭ ھۆججەت - ۋەسىقىلىرى ۋە بۇددا ئايەتلىرىدىن ئىبارەت. قالغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى كېيىن ئەنگلىيىلىك تومىس دېگەن كىشى رەتلەپ تەتقىق قىلىپ، «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ تۇرپان ھۆججەت ۋەسىقىلەر توپلىمى»نى نەشر قىلدۇردى، ھۆججەت - ۋەسىقىلەردىن باشقا سەنئەت بۇيۇملىرى، توقۇلما بۇيۇملار، قەدىمكى تامغىلار، ئويما ئابىدىلەر توغرىسىدا ستەيىن ئۆزىنىڭ «ئاسىيانىڭ مەركىزى» دېگەن كىتابچىسىدا تەپسىلىي توختالغان ئىدى.

فرانسىيىلىكلەر گەرچە دىققىتىنى دۈڭخۇاڭغا مەركەزلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دۈڭخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكىنى كۆپىنچە بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەت - ۋەسىقىلەر بولغاچقا، سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھەلەرگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغىنى ئانچە كۆپ بولمىغان. شۇڭا ئۇلار دۈڭخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن بۇ بايلىقلارنى داۋاملىق دېگۈدەك تەتقىق قىلغاندىن سىرت، يەنە تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ياپونىيىلىكلەر شىنجاڭدىن، بولۇپمۇ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىق-لىرىنىڭ بىر قىسمىنى شىنيوەن بۇتخانىسى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن سېتىۋېتىدۇ،

بۇنىڭ بىلەن بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى ياپونىيىگە قارام بولغان ئېلىمىزدىكى لۈشۈن مۇزېيىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. يەنە بىر قىسمىنى ئەينى ۋاقىتتىكى چاۋشيەن باش گوبېرناتۇر مەھكىمىسىگە قاراشلىق خەنچېڭ مۇزېيى سېتىۋالىدۇ. ئەمما بىر قەدەر قىممىتى يۇقىرىلىرى يەنىلا ياپونىيىدە قالىدۇ، لۈشۈن مۇزېيى سېتىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى رەتلىنىپ 1933 - يىلى ۋە 1943 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن «لۈشۈن مۇزېيىنىڭ مۇندەرىجىلەر توپلىمى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىدۇ.

چاۋشيەندە ساقلىنىۋاتقان قىسمى 1930 - يىلى «چاۋشيەن باش گوبېرناتور مەھكىمىسىگە قاراشلىق مۇزېي تەرىپىدىن «داگو توپلىغان غەربىي دىيار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇندەرىجىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىدۇ. ياپونىيىدە قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاز قىسمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا توكيو، ئوساكا مۇزېيلىرىدا ساقلىنىدۇ ۋە بۇ مۇزېيلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى ئىشلەپ چىقىپ نەشر قىلدۇرىدۇ. ياپونىيىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەقىقىي قىممەتكە ئىگىلىرى شىنيوەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، كېيىن بىڭكو ناھىيىسىدىكى ئەرلېجۇاڭ ( 二乐庄 ) تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا يۆتكەپ رەتلەش ئېلىپ بارىدۇ، جۇرۇيچاۋ تۆت جىلدلىق «ئەرلې مەجمۇئەسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، بىر قىسىم ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى، مەدەنىيەت يادىكارلىق سۈرەتلىرىنى ئېلان قىلىدۇ، كېيىن ئەرلې تەتقىقات ئىنستىتۇتى تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى شىنيوەن ئىبادەتخانىسىنىڭ قارمىقىدىكى لوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

1953 - يىلى 1 - ئايدا ياپونىيىدە «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1958 - يىلدىن كېيىن «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىدىن ئالتىسى نەشر قىلىنغان، كېيىن يەنە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ياپونىيە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى قارمىقىدا «ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان دۈڭخۇاڭ - تۇرپان ھۆججەت - ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى»نى قۇرۇپ، مەخسۇس دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان دۈڭخۇاڭ - تۇرپان ۋە غەربىي دىيارغا ئائىت ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنى يىغىپ توپلاپ، قايتىدىن مۇكەممەلرەك بولغان مۇندەرىجىنى تۈزۈپ چىقىشنى ھەمدە مۇھىم مەزمۇنلىرىنى رەتلەپ چىقىشنى مەزكۇر كومىتېتنىڭ ئاساسىي خىزمەت نىشانى قىلدى، شۇنداقلا بۇ ساھەدە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان ياپونىيىدە تۇرپان- دۈڭخۇاڭ يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلغان زور بىر تەتقىقات قوشۇنى بارلىققا كېلىپ مۇكەممەللەشتى، بۇ جەرياندا ئۆزىنى مۇشۇ ساھەگە بېغىشلىغان نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى.

دېمەك، نۆۋەتتە ياپونىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قىزغىنلىقى ۋە ئەمەلىي كۈچى ئەڭ زور بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1927 - يىلى ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئىلمىي تەشەببۇسى ئارقىسىدا، شىۋېيتسىيىلىك سېۋېن ھېدىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلەشمىسى غەربىي شىمال تەكشۈرۈش ئۆمىكى» تەشكىل قىلىندى، خۇاڭۋېنبى مەزكۇر ئۆمەكنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1928 -، 1930 - يىللىرى ئىككى قېتىم تۇرپانغا كېلىپ، قەدىمكى خارابىزارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، قەدىمكى قەۋرىلەرنى قېزىپ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ توپلىغان. كېيىن بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەپ، «ئىدىقۇت» قاتارلىق بىرقانچە ئەسەرلەرنى نەشر

قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، ئاساسەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. 1953 - يىلدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى خادىملار تۇرپان رايونىدىكى ئىدىقۇت، يارغول قەدىمكى شەھەرلىرىگە، بېزەكلىك، مۇرتۇق مىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي ديار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەشھۇر ئالىملاردىن شياڭدا، خۇاڭۋېنبى، سۇبەي قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن تۇرپانغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى:

1959 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - يادىكارلىق ئارخېئولوگىيىسى ساھەسىدىكى خادىملار تۇرپان رايونىدىكى ئاستانە، قاراغوجا قاتارلىق ئىككى ئورۇندىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، مىلادى V — Ⅶ ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى قەبرىلەردىن جەمئىي 456 نى قازدى (ئاستانىدىكىسى 310، قاراغوجىدىكىسى 146). يۇقىرىدىكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى «تۇرپاندىكى ئاستانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» دېگەن تېمىدا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1960 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىندى. «تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر تۈپىنى رەتلەش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1972 - يىللىق1-سانىدا، «تۇرپان ئاستانىدىكى 363 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1972 - يىللىق2- سانىدا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدەك كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئارقا-ئارقىدىن دوكلات ياكى قىسقا خەۋەر شەكلىدە ئارقىلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

مەزكۇر قەدىمكى قەبرىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قېزىپ ئېلىنغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان زور تۈركۈمدىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەرگە قارىتا دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى كۈچ تەشكىللەپ، رەتلەش ئېلىپ بېرىپ، «تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر» نى ئون توم قىلىپ نەشر قىلىشنى پىلانغا كىرگۈزگەن ئىدى، ھازىرغا قەدەر سەككىز تومى نەشردىن چىقىپ بولدى، نەشر قىلىنغان بۇ ھۆججەت - ۋەسىقىلەر مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا زور تەسىرگە ئىگە.

80 - يىللاردىن باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە يېڭىدىن يۈكسىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

1983 - يىلى جۇڭگو دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدە بىرقانچە قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى، بېيجىڭ، لەنجۇ ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، دۇڭخۇاڭ-تۇرپانشۇناسلىققا دائىر ماتېرىيال مەركەزلىرى قۇرۇلدى، مەملىكەت ئىچىدىكى بىرقانچە ئون ئالىي مەكتەپلەردە دۇڭخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىققا ئائىت دەرسلەر تەسىس قىلىندى، 1988 - يىلى 11 - ئايدا تۇرپان ۋىلايىتىدە جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتى ۋە ماتېرىيال مەركىزى قۇرۇلدى، 1990 - يىلى 3 - ئايدا يەنە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ئاساسىدا «تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي» قۇرۇلدى. بۇ نەتىجىلەر ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەردى.

---

**ئىزاھلار:**

① «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 3 - سانى.

② چېن گوسەن: «تۇرپان ۋەسىقىلىرىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىدىكى قېزىلىش ۋە تەتقىقات ئەھۋالى»، «جۇڭگو تارىخى تەتقىقات ئۇچۇرى» نىڭ 1984 - يىللىق 6 - سانى.

③ جياڭ بوچىن: «چارروسىيىنىڭ دۇڭخۇاڭ ۋە تۇرپان ۋەسىقىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى توغرىسىدا»، «جۇڭشەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 - يىللىق 3 - سانى.

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى**

# مەشرەپنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، شائىر مەشرەپنىڭ «ئاتېئىستىك شائىر» ئەمەس، بەلكى ئىشقى مۇھەببەت شائىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يېڭى كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە پەلسەپە نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

غەزەللىرى خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقاملارنىڭ تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ ئەسىرلەردىن بېرى سۆيۈپ ئېيتىلىۋاتقان، نامى ماۋارەئۇننەھىردىن تاكى ئىلى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەرگىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردىكى خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت بىلەن يادلىنىپ كېلىۋاتقان، ئەل ئارىسىدا «شا مەشرەپ» دەپ نام ئالغان بابارەھىم مەشرەپ XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر - ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا! كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندە، مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ شائىر.

ئۆزىنىڭ ئوچۇق مىسرالىق شېئىرلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان ئاجايىپ تالانت ئىگىسى، ئەركىن پىكىرلىك ئىسيانكار ۋە ئىنسانپەرۋەر شائىر بابارەھىم مەشرەپ 1657 - يىلى ئەنجاندىكى بىر بوزچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە نەمەنگەن شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغان. مەشرەپ نەمەنگەندىكى مەدرىسلەردە باشلانغۇچ تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى نەمەنگەندىكى داڭلىق ئىشانلاردىن بىرى بولغان موللا بازار ئاخۇننىڭ تەربىيىسىگە بېرىدۇ. مەشرەپ ئۇ كىشىدىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىدۇ. ئۇ پارس تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ شائىر جالالىددىن رۇمى (1206 — 1273) نىڭ «مەسنەۋى» سىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەردىكى چوڭقۇر پىكىرلىك مىسرالارنىڭ ئىلھامى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ شائىرلىق ھاياتىنى باشلايدۇ.

مەشرەپ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىدۇ، مەشرەپ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىت سەئىدىيە خانلىقى زاۋالغا يۈزلىنىپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان، ئىچكى جەھەتتە ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ئەۋجىگە چىققان، ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىق خوجا - ئىشانلار تازا قۇتراۋاتقان مەزگىل ئىدى.

كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان بۇ ئوت يۈرەك شائىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن ھەم جەمئىيەتتىكى ھەر خىل بۇزۇقچىلىق ۋە ئالدامچىلىقلارنى قاتتىق

قامچىلىغان ئاچچىق ھەجۋىي شېئىرلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا تونۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئالدامچى خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپئاق خوجا) شائىرنىڭ بىر كېنىزەك قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مەشرەپنى ئۆمۈرلۈك بەختسىز قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپنى روھىي كامالەتكە يېتىشنىڭ يولى، ئەخلاقلىق، سەممىيلىك، ئىخلاسمەنلىكنى ئۆگىتىدىغان ئىلىم دەپ تونۇغان مەشرەپ ئەسلىدە ئاپئاق خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى. لېكىن بۇ يەردە ھەققانىيەتسىزلىك، ئالدامچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئاپئاق خوجىنىڭ كىشىلەرگە مال - دۇنيا يىغماسلىقنى، بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىدىن ۋاز كېچىشنى تەرغىپ قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ دۇنيا يىغىپ، نادان خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىۋاتقانلىقىنى، يېتىم - يېسىر، ئاجىز بىچارىلەرگە جەبىر - زۇلۇم سېلىپ ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «شەيتانغا دەرس بېرىدىغان» ئالدامچى ئىشاننىڭ دەرگاھى بىلەن خوشلىشىپ، جاھان كېزىشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىن چىقىپ يەكەن، خوتەن، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ. ئاندىن خوجەنت، تاشكەنت، بۇخارالاردا سەرسانلىقتا ياشايدۇ.

شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرى بولغان ئىنسان ئۇلۇغلۇقى مەزمۇنىدىكى مىسرالار مۇتەئەسسىپ موللىلار تەرىپىدىن «كۇپۇرلۇق» دەپ ئەيىبلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شائىر ئەشتارخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى ئەبۇلخەيرخان زامانىسىدا ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسى بىلەن بەلخ ھاكىمى مەھمۇت قاتاغاننىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن 1711 - يىلى بەلختە دارغا ئېسىلىدۇ.

مەشرەپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرى ۋە ئىسيانكار شائىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنە ئۆز زامانىسىنىڭ تىپىك تارىخىي مۇھىتىنىڭ قەھرىمانى، شۇنداقلا ئۆز ئېتىقادىنىڭ قۇربانى ئىدى. شۇڭا ئۇ تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى مەشھۇر سىما مەنسۇر ھەللاجغا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانلىقىنى بايان قىلىپ: «مەنسۇر ھەللاجىدەك

ئىچىپ شەرابى ئەنتەھەر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇرمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدا» دەيدۇ.

مەشرەپ ئەسەرلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «دىۋانى مەشرەپ» ۋە «مەبدەئى نۇر» («نۇر مەنبەئى») قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «دىۋانى مەشرەپ» شائىرنىڭ غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋان بولۇپ، دىۋاندا شائىرنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيىسى، زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە بولغان نەپرىتى، خەلقپەرۋەرلىك خاھىشى، ئىلاھىي ئىشق يولىدىكى جۇنۇن سۈپەت مەردانىلىقى ئەكس ئەتكەن. «مەبدەئى نۇر» شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى شەرھلەشكە بېغىشلانغان ئەسىرى بولۇپ، شائىر بۇ ئەسىرىدە ئۆزى بالا چېغىدىلا مەھلىيا بولغان مەشھۇر شائىر جالالىددىن رۇمىنىڭ مەسنەۋىلىرىنى ئىزاھلاپ، شەرھى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ قىسقا - قىسقا ھېكايەتلەرنى قىستۇرۇش ئارقىلىق تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

مەشرەپ تېخى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ دىۋانى نەشىر قىلىنمىغانلىقى ياكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، مەشرەپ ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان قىسمەن تەتقىقاتلاردا ئاز بولمىغان مۇجمەللىكلەر، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى، ئىجادىيىتىنى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنىدىن ئاجرىتىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مەشرەپ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان خۇلاسىلەرنى چىقىرىدىغان، ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى ئىلاھىي ئىشق ئىستىكى ئەكس ئەتكەن مىسرالارنى دۇنياۋى مۇھەببەت تەسۋىرلىرى سۈپىتىدە تەلقىن قىلىپ، بۇلارنى شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ماس بولمىغان

قاراشلارنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان بىر تەرەپلىمە خاھىشلار ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، «مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ غايىۋى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي زېمىنى تەسەۋۋۇپ». ① ئۇنى بۇ زېمىندىن ئايرىپ تۇرۇپ ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، مەشرەپنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تولۇق يورۇتۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

دۇرۇس، مەشرەپ مۇتەئەسسىپ مولللارنى، زاھىت - سوپىلارنى، رىياكار شەيخ - ئىشانلارنى، مەسچىت - خانىقاھلارنى سۆكىدۇ. مەي (بادە)، مەيخانىنى مەسچىتتىن، نامازدىن ئۈستۈن قويىدۇ. جانان بىلەن مەي بولمىسا جەننەتكىمۇ، ھەتتا كەئبىگىمۇ بارمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن مەشرەپنى دىنغا قارشى تۇرغان، دىننى سۆكۈپ قامچىلىغان، خۇداسىزلىق خاھىشىنى ئىپادىلىگەن دېگىلى بولامدۇ؟

ۋەھالەنكى، مەشرەپ شېئىرىيىتىدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلار يالغۇز مەشرەپ ياكى نەۋائىيغىلا خاس بولماستىن، بەلكى بارلىق مۇتەسەۋۋۇپ شائىرلار ئۈچۈن، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بارلىق كلاسسىك شائىرلار ئۈچۈن ئورتاق ھەم ئومۇمىي بولغان مەزمۇنلاردۇر. بۇنداق مەزمۇنلار جالالىددىن رۇمى، پەرىدىددىن ئەتتار، شەيخ سانائى، شەيخ سەئدى، ھافىز شېرازى، نىزامىددىن گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ئۆمەر ھەييام، ئابدۇللا رۇداكى، ئابدۇللا ئەنسارى، مىرزابەدىل، فۇزۇلى ۋە باشقا بۈيۈك شائىرلارنىڭ شېئىرىيىتىدە ناھايىتىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەزمۇنلار تەسەۋۋۇپتىكى رابىئەتۇل ئادەۋىييەدىن باشلانغان ۋە تەرەققىي قىلىپ تەسەۋۋۇپنىڭ ئەبۇ يەزىد بەستامى، جۇنەيد باغدادى، مەنسۇر ھەللاجغا ئوخشاش يىرىك سىمالىرى بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلاھىي ئىشق قارىشىنىڭ ھەم تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى، ئىنسان قارىشى ھەققىدىكى ئاساسىي ئىدىيىلەرنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى. دەل ئاشۇ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرى تۈپەيلىدىن بەستامى ئۆز شەھىرىدىن قوغلاندى، ھەللاجى دارغا ئېسىلدى. ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى ئىمادىددىن نەسىمىنىڭ تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسى سويۇلدى، بابارەھىم مەشرەپمۇ ھەللاجغا ئوخشاش پاجىئەگە دۇچار بولدى. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىمۇ مۇتەئەسسىپ مولللار تەرىپىدىن «دىنسىز كاپىر» دەپ ئەيىبلەنگەنلىكىدىن ئىدى.

ئەپسۇس، ئىلمىي تەتقىقاتلاردىمۇ مەشرەپ شېئىرلىرىدا «خۇداسىزلىق خاھىشىنى ئىپادىلىگەن، دىننى پاش قىلغان مەزمۇنلار بار» دېگەنگە ئوخشاش مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا ۋە ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك مىسرالار مىسال - دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە:

«بۇ تەنى خاكنىۇ روھى راۋاننى نەقىلاي؟
بولمىسا قاشىمدە جانان بۇ جەھاننى نەقىلاي؟
يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،
قالغان ئىبراھىمدىن ئۇل ئەسكى دۇكاننى نەقىلاي؟
ئورايىنمۇ باشىمە سېككىز بېھىشۇ دەۋزەخن،
بولمەسە ۋەسلى ماڭائىككى جەھاننى نەقىلاي؟
زەررەئى نۇرى قۇياشدەك بۇ جەھان ئىچرە تامام،
ئاشكارە بولمەسە سىرى نىھاننى نەقىلاي؟
ئەرشنىڭ كۇنگىراسىن ئۈستىغە قويدۇم ئاياغىم،
لامەكاندىن خەبەر ئالدىم، بول مەكاننى نەقىلاي؟»

بۇ غەزەلنى «ئاتېئىستىك خاھىش» ئەكس ئەتكەن غەزەل دەپ تەھلىل قىلىش توغرا بولامدۇ؟ مەشرەپنى ھەقىقەتەنمۇ «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئىپادىلىمەكچى بولغان دېيىشكە بولامدۇ؟

ھالبۇكى، شېئىردا ئىپادىلەنگەن ئەسلى مەنە تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى ئۇنىڭدا خۇداسىزلىق خاھىشى ئەمەس، بەلكى خۇداغا بولغان ساداقەتمەنلىك ئىپادىلەنگەن. بۇنى غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا شائىر شۇنچە ئېنىق قىلىپ «لامەكاندىن خەبەر ئالدىم، بول مەكاندا نەقىلاي؟» دەپ يازغان.

«لامەكان» سۆزىنىڭ مەنىسى «ماكانسىز،

ماكانى يوق» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆز كۆپىنچە «ئەبەدىي، چەكسىز، چەك ـ چېگراسىز» دېگەن مەنىلەردىكى «لامىيەزەل» ياكى «لايەزەل» سۆزى بىلەن بىرلىكتە ئاللانىڭ سۈپىتى ئورنىدا، يەنى ئاللانىڭ مۇئەييەن زامان ۋە ماكاندا بولمايدىغانلىقىغا قارىتا قوللىنىلىدۇ. مەشرەپنىڭ بۇ مىسراسىدىكى «لامەكان» دېگەن سۆز دەل ئاللاغا قارىتىلغان بولۇپ، شائىر «جانانىدىن يەنى ئاللادىن خەبەر كەلدى، بۇ ماكاندا نېمە قىلىسەن» دېمەكچى.

ئەھمەد يەسەۋىمۇ ھېكمەتلىرىدە ئۆزىنىڭ لامەكاندا ھەقتىن ساۋاق ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ كۆپلىگەن ھېكمەتلەرنى ئېيتقانىدى. تۆۋەندىكى شېئىرنى شۇ ھېكمەتلەرنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

«كۆڭۈل كۆزى يارۇتماي، تائەت قىلسە،
دەرگاھىغا مەقبۇل ئەمەس بىلدىم مانا.
ھەقىقەتدە بۇ سۆزلەرنى پاك ئورگانىپ،
لامەكاندا ھەقتىن ساباق ئالدىم مانا.

ئىشق مەقامى تۇرلۇك مەقام ئەقلىڭ يېتمەس،
باشىدىن ئاياغ جەبرۇ جەپا مېھنەت كېتمەس،
مەلامەتلەر، ئىھانەتلەر قىلسا ئۆتمەس،
لامەكاندا ھەقتىن ساباق ئالدىم مانا.

ئىشق بالاسى باشقا تۈشسە نالان قىلۇر،
ئەقلىڭ ئالىپ بىھوش قىلىپ ھەيران قىلۇر،
كۆڭۈل كۆزى ئاچىلغان سوڭ گىريان قىلۇر،
لامەكاندا ھەقتىن سەباق ئالدىم مانا.»

مەشرەپ غەزىلىدىكى «لامەكان» دېگەن سۆز مانا شۇ يەسەۋى «سەباق ئالغان» لامەكان ئىدى. خۇددى يەسەۋىنىڭ لامەكانىدا «كۆڭۈل كۆزى يارۇتماستىن تائەت قىلسە، دەرگاھىغا مەقبۇل ئېمەس بىلدىم مانا» دېگەن مىسرالىرىدا قارىغۇلارچە دوراmچىلىق قىلىپ ئىبادەت قىلىشنىڭ ئاللاغىمۇ ماقۇل كەلمەيدىغانلىقىنى ھەققىدە «سەباق ئالغان» لىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش، مەشرەپمۇ بۇنداق «سەباق» لاردىن «خەبەر» ئالغان بولسا ئەجەب ئەمەس. شائىر ئۆز غەزىلىدە كەئبىگە بارماسلىقنى تەرغىپ قىلماقچى ئەمەس، بەلكى ئۇ كەئبىگە ئىخلاس بىلەن، ھەقنى كۆرىدىغان «قەلب كۆزى» بىلەن بېرىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى تەرغىپ قىلماقچى. بۇنداق ئىدىيە نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇ:

«سەجدە قىلماق نىي تاخاۋۇت كەئبە ياخۇد بۇتقە كىم،
قاش مېھرابى قايان، قىلسام سۇجۇد ئۇترۇدەدۇر.»

دېگەن مىسرالىرى بىلەن كەئبىگە بېرىشنى ئىنكار قىلماقچىمۇ؟ بۇنداق مىسرالارغا قاراپ نەۋائىينى «دىنسىز»، «خۇداسىز» دېگىلى بولامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى چىن دىلىدىن قىلىشنى، رىياكارلىق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان.

شۇنى بىلىش كېرەككى، مەشرەپ دۇنيا قارىشىنىڭ، ئىدىيىسىنىڭ زېمىنى — تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى گۇمانىستىك روھقا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان چۈشەنچىسى، مەۋجۇدىيەت قارىشىنىڭ ئاساسى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» («بارلىقنىڭ بىرلىكى») كۆز قارىشى يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە خۇددى جالالىددىن رۇمىنىڭكىگە ئوخشاش «ئىشق» كۆز قارىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رۇمى ئىشق شەيئىلەرنىڭ بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىشق بولمىسا دۇنيا بولمايدۇ، ئىشق بارلىق ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، توقۇنۇشلارنى تۈگىتىدىغان كۈچ دەپ قارىغان. بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ ئۇ ئىشقنىڭ بىلىشتىكى رولىنى (يەنى ھېسسىي بىلىشنىڭ رولىنى) يۇقىرى ئورۇندا قويىدۇ. ھەتتا ئۇ شېئىرلىرىدا:

«ئىشق بىزگە رەھنامە، راۋانىمىزدۇر،

«پىرى ئىشقى توغقاندۇر، ئىشق ئانىمىزدۇر.»

دەپ يېزىپ، ئۆزىنى ئانا ئەمەس، بەلكى ئىشق (مۇھەببەت) تۇغقان دەيدۇ. شۇڭا جالالىددىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنى سوپى ئەمەس، بەلكى ئاشىق دەپ ئاتاشقانىدى.

مەشرەپمۇ ۋۇجۇدى «ھەق سۆيگۈسى» بىلەن تولغان «دىدار تەلەپ» ئاشىق شائىر. شۇڭا ئۇ غەزەللىرىدە:

«باشىمغا مىڭ بالا كەلسە تىلەرمەن ۋەسلىنى زاھىد،
باشىم كەسسەڭ تىيارىم يوق دېگەن دىدارە مەشرەپمەن.
......
كۆڭۈلدە زەررىچە دۇنيانىڭ مېھرى بولماس مەندە،
سېنى دەپ ئىككى ئالەمدىن كېچىپ بىزارە مەشرەپمەن.»

دەپ يازسا، نەۋائىمۇ:

«ئەي نەۋائى ئىككى ئالەمدىن كېچىپ تاپتىم ۋىسال،
بۇ ئىككى بۇتخانەدىن بولمىش بۇ يولدا ئافەتىم.»

دەپ يازغان. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇنداق «ئىلاھىي ئىشق» بىلەن مەست بولغان «دىدار تەلەپ» ئاشىقلارنىڭ دىلىدا ۋىسالدىن ئۆزگە خىيال، ئەندىشە بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ «جەننەتكىمۇ نەزەر سالمايدىغان»، «دوزاخقىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان» «چىن ئاشىقلار» ئىكەنلىكىنى، زاھىتلارنى رىياكار (ئىككى يۈزلىمچى) دەپ قارايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدە ئەتراپلىقراق چۈشەنچە ھاسىل قىلساقلا بىلىۋالالايمىز. شۇڭا مەشرەپنىڭ يۇقىرىدىكى غەزەللىرىگە، ياكى باشقا شېئىرلىرىغا قاراپ، مەشرەپنىڭ ئىدىيىسى «ئاتېئىستىك خاھىشقا» ئىگە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەپسۇسكى، مەشرەپنىڭ:

«دۇنياغا كېلىپ لايىغە بىلمەي پاتا قالدىم،
دەرمان يوقىدىن نەچچە ئىبىغىز سۆز قاتا قالدىم.
كۆردۈم مەن ئانى دۈشمەن روھى تەن ئىكەندۇر،
«لا» ئوقى بىلەن ئىككى كۆزىغە ئاتە قالدىم.»

دېگەن شېئىرغا بېرىلگەن ئىزاھتىمۇ يۇقىرىقىدەك تەھلىللەرنى ئۇچرىتىمىز. «لا» — يوق دېگەن مەنىدە، بۇ مىسرا ئارقىلىق شائىر ناھايىتى نازۇك بىر پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ پىكىر شائىرنىڭ خۇداسىزلىق خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. روھانىيلارنىڭ مەشرەپنى «دەھرىي» دەپ ئەيىبلىشىگە سەۋەبچى بولغان شېئىرنىڭ بىرىمۇ دەل ئەنە شۇ.②

بىز بۇ غەزەل ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋال، غەزەلنىڭ داۋامىنى كۆرۈپ باقايلى:

«زاھىد ماڭا بىر شىشەدە مەي، ساڭا نامازىڭ،
مىڭ تەقۋىنى بىر شىشەگە ساتا قالدىم.
ۋەھدەت مەيىنى پىرى مۇغان ئىلكىدىن ئىچتىم،
مەنسۇر كەبى دارغا باشىمنى ئاسا قالدىم.»

مەشرەپكە «ۋەھدەت مەيى» بەرگەن «پىرى مۇغان» كىم؟ ئالدى بىلەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلايلى.

«پىر» — «ياشانغان، قېرى، يېتەكچى، يولباشچى...» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «مۇغ» — (1) ئاتەشپەرەست، ئوتقا چوقۇنغۇچى؛ (2) مەيپۇرۇش، مەي ساتقۇچى دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا ئاساسەن كېيىنكى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەردە «مۇغبەچە» (مەيخانە خىزمەتچىسى)، «مۇغان» (مەيپۇرۇش) ۋە «پىرى مۇغان» دېگەندەك سۆزلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

«پىرى مۇغان» — مەيخانە باشلىقى، مەيخانە خوجايىنى دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپتا مەي ئىلاھىي ئىشقنىڭ رەمزى. شۇڭا تەسەۋۋۇپتىكى «پىرى مۇغان» سۆزى — ئىلاھىي ئىشققا باشلايدىغان، ئىلاھىي ئىشققا يېتىشتە ۋاستە بولىدىغان يول باشچى، يېتەكلىگۈچى يەنى مۇرشىد دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، مەشرەپكە «ۋەھدەت مەيى» بەرگەن «پىرى مۇغان» زادى كىم؟ بۇ سوئالغا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدىن جاۋاب تاپالايمىز:

«پىرى مۇغان ھەق مۇستافا بىلىڭ،
قايدا بارساڭ ۋەسفىنى ئەيتىپ تازىم قىلىڭ،
دۇرۇد ئەيتىپ مۇستافاغا ئۇممەت بولۇڭ،
ئۇل سەبەبدىن ئاتىمىش ئۇچتە كىردىم يەرگە.
»

يەسەۋى شۇنى دېمەكچىكى، پىرى مۇغان — ھەق مۇستافا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ھەققە ئېلىپ بارغۇچى يول باشچىسى. مەشرەپ بولسا «ۋەھدەت مەيى» (بىرلىك شارابى) نى پىرى مۇغان ئىلكىدىن ئىچكۈچى. دېمەك، «بىرلىك شارابىنى پەيغەمبەرنىڭ قولىدىن ئىچكەن» مەشرەپنى «ئاتېئىست» دېسەك ياكى «خۇداسىزلىق خاھىشى» نى ئىپادىلىگەن دېسەك، مەشرەپكە ئۇۋال بولمامدۇ؟

ئەمدى مەشرەپنىڭ «نازۇك بىر پىكىرنى ئىپادىلىگەن» مىسرالىرىنىڭ مەتنىگە قايتايلى. بۇ تەسەۋۋۇپتىكى نەپسانىيەت چۈشەنچىسى بىلەن، قەلبىنى ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن، نەپسانىيەتچىلىك بالاسىدىن تازىلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

«دۇنياغا كېلىپ لايىغە بىلمەي پاتا قالدىم،
كۆردۈم مەن ئانى دۈشمەنىي روھى تەن ئىكەندۇر،
«لا» ئوقى بىلە ئىككى كۆزىغە ئاتە قالدىم.»

دېگەن مىسرالاردا ھەق يولىغا ئىنتىلگەن، «ئىككى ئالەمنى قۇربان قىلغان» شائىر بۇ دۇنيانىڭ بىر پاتقاقلىق، ئىنساننى ھەقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان لاي - پاتقاق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ دۇنياغا كېلىپ ھەقكە سادىق بولالماي، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ لايغا پېتىپ قالغانلىقىنى، روھنىڭ دۈشمىنى تەن يەنى نەپسانىيەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى «يوق» قىلىش ئۈچۈن ئاتقانلىقىنى، يەنى نەپسىنى يەڭگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ «خۇدا يوق» دېگەن «نازۇك بىر پىكىرنى» ئىپادىلەۋاتقىنى يوق. ھەتتا مەشرەپنىڭ:

«ئانقەدەر دەريا بولۇپ مەن ئاسمانغا سىغمادىم،
تاقى ئەرشۇ كۇرسىۇ لەۋھى جەھانغا سىغمادىم.
»

دەپ باشلانغان غەزىلىدىنمۇ ھېچقانداق «خۇداسىزلىق خاھىشى» چىقمايدۇ.

ئەگەر بىز تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنى ۋە ئۇنىڭدىكى شېئىرنى تۇرلەر ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلالىساقلا، بۇنىڭ تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىدىكى «دەۋرىيە» نىڭ تۈرىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مەشرەپتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ۋە ئاشكارا ھالدا، ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ يۈز بەرگەن بارلىق ۋەقە ھادىسىلەردە بار ئىدىم، بارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە ئىدىم، دەپ غەزەل يازغان بۈيۈك تۈرك شائىرى يۇنۇس ئەمرانىڭ③ بۇ مەزمۇندىكى شېئىرلىرىنىمۇ ھازىرغىچە مەيلى تۈركىيىدە بولسۇن، ياكى باشقا ئەللەردە بولسۇن، ھېچكىم «ئاتېئىستىك خاھىشنىڭ ئىپادىلىرى» سۈپىتىدە تەلقىن قىلغىنى يوق. ھەتتا جالالىددىن رۇمىنىڭ:

«ئاياسىز جان چېكىپ ھەر لەھزە ئىز دەيسىز ئىلاھنى،
ئانى ئىزدەشكە ھاجەت يوق ئىلاھىي سىز، ئىلاھىي سىز.»

دېگەن مىسرالىرى ئۈچۈنمۇ ھېچكىم ئۇنى «ئۇچىغا چىققان دىنسىز» دەپ تەھلىل يۈرگۈزگىنى يوق ھەم ئۇنداق تەھلىل قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

ئەگەر شۇنداق يۈزەكى تەھلىل قىلىنسا، ئۇ ھالدا مەنسۇر ھەللاجنى «ئاتېئىستلارنىڭ پېشۋاسى» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەللاجنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قايغۇرۇپ قان يۇتقان ئەھمەد يەسەۋى، يۇنۇس ئەمرا ۋە باشقا ھەللاجغا سادا قوشۇپ «مەنسۇر سۆپەت» بولغان كلاسسىكلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە «ئاتېئىستىك خاھىش» ئىپادىلەنگەن بولمامدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە ھېچقاچان «ئاتېئىستىك خاھىش» ئىپادىلەنمىگەن.

توغرا، مەنسۇر ھەللاجى «ئەنەلھەق» ئۈچۈن دارغا ئېسىلدى، مەشرەپمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولدى. بۇلارنىڭ ئاساسلىق گۇناھى «كۇپۇرلۇق»، «دەھرىيلىك» ئىدى. شۇ «گۇناھلىرى» بىلەن دارغا ئېسىلغىنى، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغىنى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى «ئاتېئىستىك»، «خۇداسىزلىق خاھىشى» نى ئىپادىلىگەن دەپ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟

شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ھەرقانداق بىر دىن شۇ دىندا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزھەپ، ئېقىمنىڭ قېلىپلىشىپ شەكىل ۋە ئادەت تۈسى ئالغان دىنىي ئەقىدىلىرىگە، دوگمىلىرىغا مەنپەئىتىگە زىت

كېلىدىغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتنى، پائالىيەتنى «دەھرىيلىك، كۇپۇرلۇق، بىدئەتلىك» دەپ قارىلايدۇ ھەم بۇنداق سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ مەسىلىگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ تاشقى ھادىسىلىرىگىلا قاراپ قالماستىن، بەلكى ئىچكى ماھىيىتىگە قارىشىمىز، ماھىيەتلىك تەرەپنى يورۇتۇپ بېرىشىمىز كېرەك.

تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىدىكىلەر گەرچە نۇرغۇن تەزەپلەردە ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىدىن خېلىلا چەتنىگەن، سىرتقى ئىپادىلىنىش جەھەتتە ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىگە زىت كېلىدىغان قاراشلارنى، پىكىرلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ پىكىر - قاراشلىرى يەنىلا خۇدانىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

مەلۇمكى، ئاتېئىزم ھەرقانداق دىن، ئىلاھقا قارشى تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. «ئاتېئىست» مانا شۇ خۇداسىزلىق تەلىماتىنىڭ ياقىلىغۇچىسى، تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت. تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىدىكىلەر بولسا ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئۆزىگە خاس شەكىللەر، سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىقنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ زېمىنى دىن بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئاللا تۇرىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجاد قىلىپ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇللىرى، سىمۋوللىرى ئارقىلىق خۇداغا بولغان ئىنتىلىشنى ئىپادىلىگەن، ئەسلى ھەقىقىي بارلىقنىڭ يىگانە ئاللا ئىكەنلىكىنى ئىدىيىۋى مەزمۇن قىلغان بەزى ئەسەرلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، بۇ پىكىرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىگە ئەھمىيەتسىز قاراپ، شائىرلارنىڭ شۇ ئورۇندا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇلاسىلەرنى، تەھلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بىزنىڭچە، ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

مەشرەپنىڭ ئىدىيىسىنى، ئىجادىيىتىنى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنىدىن ئايرىپ تۇرۇپ توغرا تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ. مۆرىتى كەلگەندە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەشرەپنىڭ ئاپئاق خوجا تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، «شەيتانغا دەرس بېرىدىغان» سوپى - ئىشانلار، زاھىتلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپتىن يىراقلاپ، ئۈزۈل - كېسىل چەك - چېگرا ئايرىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شائىر ئىدىيە جەھەتتىن ئۆمۈر بويى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجاد قىلغان. بۇنى مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە ئىزچىل ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ئىدىيىۋى يۆنىلىش تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بولغان. بۇ نۇقتىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، مەشرەپنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى، ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش قىيىن.

شۇڭا، مەيلى مەشرەپ ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بولسۇن، ياكى ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئەكس ئەتكەن باشقا مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بولسۇن، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي تەلىماتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ ئاندىن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۇرچىمىز ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا زورلاپ تېڭىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

بىز بۇ ماقالىدە، مەشرەپنىڭ پۈتۈن ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئەمەس، بەلكى مەشرەپ ئۈستىدىكى تەتقىقاتلاردا، تەھلىللەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە يانداشقان ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق. مەشرەپ تېخى ئەتراپلىق ئۆگىنىلمىگەن، تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان شائىر. شۇڭا بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

---

ئىزاھلار:

① ئىبراھىم ھەققۇلوۋ: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 170 - بەت.

② «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» (تۈزگۈچى قادىر ئەكبەر)، 1989 - يىل، ئۈرۈمچى، 52 - بەت.

③ دوكتور فۇئاد كوپرۇلۇ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋۇپلار»، 1991 - يىل، ئەنقەرە (7 - نەشرى)، 325 - بەت.

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەد ھاجى**

# پەرغانە خانلىقى توغرىسىدا

چىمەن نەجمىدىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا، پەرغانە خانلىقىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

## 1. پەرغانە خانلىقىنىڭ نامى ۋە ئورنى توغرىسىدا

پەرغانە ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. ئۇ پەرغانە رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قاتناش ۋە مەدەنىيەت مەركىزى: جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە، ئۇ پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. پەرغانە ئويمانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان. قەدىمكى پەرغانە دۆلىتى دەل مانا شۇ پەرغانە ئويمانلىقىدا بارلىققا كەلگەن.

## 2. پەرغانە خانلىقىنىڭ قىسقىچە سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخى توغرىسىدا

پەرغانە خانلىقىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي تارىخىغا ئائىت يازما خاتىرىلەر ئەڭ دەسلەپتە مەشھۇر جۇڭگو تارىخچىسى سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ئۇچرايدۇ. «پەرغانە خەن خاندانلىقىدىن ئون مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، هونلارنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، خەن خاندانلىقىنىڭ دەل غەربىگە توغرا كېلىدۇ. پەرغانىلىقلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئىكەن. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شال، بۇغداي تېرىيدىكەن. ئۈزۈم شارابى چىقىرىدىكەن. ئۇلاردا ئوبدان ئات كۆپ بولۇپ، بۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسى تۇلپار ئاتلاردىن ئىكەن. بەدىنىدىن قىزىل تەر تەپچىپ تۇرىدىكەن. شەھەر، قورغان، ئۆي - ئىمارەتلىرى بار ئىكەن، چوڭ - كىچىك 70 تىن ئوشۇق شەھەر قارايدىكەن. بىرنەچچە يۈز مىڭ ئاھالىسى بار ئىكەن. بۇ دۆلەتتە، ئەسكەرلەر ئوقيا، نەيزە ئىشلىتىدىكەن. ئۇلار ئاتقا مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر كېلىدىكەن. شىمالىدا كانگا، غەربىدە چوڭ ياۋچى، غەربىي جەنۇبىدا باكتېرىيە، شەرقىي شىمالىدا ئۇيسۇن، شەرقىدە دەندان ئۆيلۈك، ئۇدۇن (خوتەن) بار ئىكەن». ①

«ئۇيسۇن پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى ئەل ئىكەن». ②

«كانگا پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى ئەل ئىكەن». ③

«ئۇلۇغ ياۋچىلار پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئىككى - ئۈچ مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىدا باكتېرىيە، غەربىدە ئارشاك،

شىمالىدا كانگا بار ئىكەن». ④

دېمەك، «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى پەرغانە ئېلى كونترول قىلغان زېمىن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تار مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، چوڭ - كىچىك 70 تىن ئارتۇق شەھىرى، بىرنەچچە يۈز مىڭ ئاھالىسى بولغان. پەرغانە خاقانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار بەنگۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىمۇ خېلى شەھىپىنى ئىگىلىگەن.

«پەرغانە خانلىقى، مەركىزى كاسان شەھىرى، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 12 مىڭ 550 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 60 مىڭ تۈتۈن، 500 مىڭ كىشى، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 60 مىڭ نەپەر، بىر نائىپخان، بىر ياردەمچى خانى بار ئىكەن. پەرغانىنىڭ شەرقىدىن قوروقچىبەگ مەھكىمىسىگە 4031 چاقىرىم، شىمالىدىن كانگانىڭ پېتىيەن شەھىرىگە 1510 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبىدىن ئۇلۇغ توخرىيلار خاندانلىقىغا 690 چاقىرىم كېلىدۇ. شىمال تەرىپى كانگا، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئۇلۇغ توخرىيلار خانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. پەرغانە خانلىقىنىڭ يېرى ۋە ئىقلىمى، بايلىقى، ئۆرپ - ئادىتى ئۇلۇغ توخرىيلار ۋە ئارشاك بىلەن ئوخشاش. پەرغانىدىن ئۈزۈم شارابى چىقىدۇ. بايلار 10 مىڭ كۈپتىن كۆپرەك مىقداردا شاراب ساقلايدىكەن. بۇ شارابلار بىرنەچچە ئون يىل تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدىكەن. پەرغانىلىقلار شارابخۇمار كېلىدۇ، ئاتلىرى بېدە يەيدۇ».

«پەرغانە خانلىقىدا 70 تىن ئارتۇق شەھەر بار. ئېسىل ئاتلار كۆپ چىقىدۇ. بۇ ئاتلاردىن قان-تەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئاتلارنىڭ ئەسلى نەسلى تۇلپار ئىكەن». ⑤

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا قەدىمكى پەرغانە ئېلىنىڭ ئىجتىمائىيىتىدىن مول ئۇچۇر - مەلۇمات بېرىدىغان يىپ ئۇچلىرى بار. بىرىنچىدىن، پەرغانە خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى كاسان شەھىرى. بۇ شەھەر ئەمەلىيەتتە ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى نەمەنگەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى كاسانساي دېگەن يەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، پەرغانە خانلىقىنىڭ ئاھالىسى ۋە ئەسكىرىي كۈچى كۆپ. بىر نائىپخان، بىر ياردەمچى خانى بار. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بىر قۇدرەتلىك خانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پەرغانە خانلىقىنىڭ يېرى كەڭ، ئىقلىمى مۆتىدىل، بايلىقى مول. تۆتىنچىدىن، پەرغانە خانلىقىدا ئۈزۈمچىلىك ۋە ئۈزۈم شارابى چىقىرىش ھۈنىرى تەرەققىي قىلغان. بەشىنچىدىن، پەرغانە ئېلىنىڭ ئات - تۇلپارلىرى داڭلىق بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە خەن خانلىقىنى مەھلىيا قىلغان. ئالتىنچىدىن، پەرغانە خانلىقىنىڭ دائىرىسىدە 70 شەھەر بار بولۇپ، شەھەر قەلئەچىلىك مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان. يەتتىنچىدىن، پەرغانە خانلىقىنىڭ تىلى ئۇلۇغ توخرىيلار ۋە ئارشاكلارنىڭ تىلى بىلەن پەرقلىنىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ زۇۋان - تىللىرىنى ئۇقۇشىدۇ. خۇددى «تارىخىي خاتىرىلەر»دە ئېيتىلغاندەك، «پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارشاكقىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ تىللىرى گەرچە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسەن بىردەك ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ گېپىنى ئۇقۇشاتتى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرى ئورا كۆز، ساقاللىق بولۇپ، سودىگەرچىلىككە ماھىر ئىدى. تىجارەتتە يىپتىن - يىڭنىسىغىچە ھېسابلىشاتتى. ئادەتتە ئاياللارنى قەدىرلەيتتى. ئەرلىرى ئاياللارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلاتتى». ⑥ يۇقىرىدىكى بايانلار قەدىمكى پەرغانە دۆلىتىنىڭ كەڭ مەنزىرىسى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

### 3. پەرغانە خانلىقىنىڭ مەركىزى توغرىسىدا

پەرغانە خانلىقىنىڭ مەركىزى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. تارىخىي ماتېرىياللارغا

ئاساسەن، پەرغانە خانلىقىنىڭ مەركىزىنى كاسان شەھىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە، پەرغانە بىلەن ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئۇيسۇن، كانگا، ئۇلۇغ توخرىي قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئارىلىقى 2000 چاقىرىمغىچە كېلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن قارىغاندا پەرغانىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان كاسان شەھىرىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقانلىقى ئېنىق. خوجەندنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا قارىغاندا، كاسان شەھىرى بۇ خىل ئەھۋالغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

(2) «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» 1 - جىلدىدا: «ساكتۇر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ئىسسىقكۆلگە ۋە شاشقىچە بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئارىلىق تەخمىنەن 2100 چاقىرىم كېلىدۇ»، «ساكتۇر تاغ ئېغىزىدىن ئىسسىقكۆلگىچە 400 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلەتتى» دېيىلگەن. دېمەك، ئىسسىقكۆل بىلەن شاش، يەنى بۈگۈنكى تاشكەنتنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 2100 چاقىرىم (ياكى 2200 چاقىرىم) بولۇپ، بۇنىڭدىن 400 چاقىرىمنى ئېلىۋەتكەندە 1700 ياكى 1800 چاقىرىم قالىدۇ. ئىسسىقكۆل بىلەن قىزىل قورغان شەھىرىنىڭ ئارىلىقىنى 500 — 600 چاقىرىم دەپ ھېسابلاپ، ⑦ 1800 چاقىرىمغا 600 چاقىرىمنى قوشۇپ ھېسابلىساق، 2400 چاقىرىم بولىدۇ. (بۇ شاش بىلەن قىزىل قورغان شەھىرىنىڭ ئارىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە قامۇسى» دا: «پەرغانە دۆلىتىنىڭ يەنە بىر نامى پەرغان (判汗) بولۇپ، پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 500 چاقىرىم ماڭغاندا شاش ئېلىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «شاشتىن خوجەندكىچە 200 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنداق بولسا 2400 چاقىرىمدىن 500 چاقىرىمنى ئېلىۋەتسەك، 1900 چاقىرىم قالىدۇ، ياكى 2400 چاقىرىمدىن 200 چاقىرىمنى ئېلىۋەتسەك، 2200 چاقىرىم قالىدۇ. بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دىكى «ئۇيسۇنلار پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2000 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە» دېيىلگەن خاتىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئالدىنقىسىنىڭ چاقىرىم سانى تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

(3) گۇيشەن (贵山) نى خوجەند (Khojend) نىڭ تەلەپپۇزى دەپ قاراش، مېنىڭچە، Kasan غا قارىغاندا ئانچە يېقىن كېلىپ كەتمەيدۇ.

«سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «پەرغانە دۆلىتى مەركىزى كۆكئارتنىڭ غەرب تەرىپىگە 500 چاقىرىمدىن يىراقراق يەردە، قەدىمدە كوسو دۆلىتى (渠搜国) دەپ ئاتىلاتتى» دېيىلگەن. بۇ دەل پەرغانە دۆلىتىنىڭ مەركىزى كاسان (Kasan) شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى خەنزۇچە تەلەپپۇزدىكى «渠搜» دىكى «搜» خېتى، ئېنىقكى «سان» (san) بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ. كاسان (Kasan) يەنە «خەننامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر» دە گۇيشەن (贵山)، «يېڭى تاڭنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» دە قېسەي (渴塞)، «غەربكە ساياھەت» دە كېشەن (可伞)، «يۈەن تارىخى. غەربىي شىمال يەر جايلىرى خاتىرىسى» دە كېسەن (柯散) دەپ يېزىلغان. ⑧ قەدىمكى يەر ناملىرىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن مۇلاھىزە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئوخشاشلىق بار. يەنى S تەلەپپۇز قىلىنغاندىمۇ X بىلەن ئوخشاش بولغان، يۇقىرىقى قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا، Khojend ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە جۇجەنتى (俱战提) دەپ يېزىلغان، «غەربكە ساياھەت» تە، «كۇجەن» (苦盏) دەپ يېزىلغان. «يۈەن تارىخى. غەربىي شىمال يەر جايلىرى خاتىرىسى» دە «ۋۇجەن» (忽毡) دەپ يېزىلغان⑨ بولۇپ، Z تەلەپپۇز قىلىنغاندا j بىلەن ئوخشاش بولغان. گۇيشەننى

S، X ياكى Z، j بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرساق، ئالدىنقىسىنىڭ تەلەپپۇزى بىر قەدەر يېقىن كېلىدۇ.

(4) «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «ئېرشى سەنگۇن لى گۇاڭلىي پەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندا، يۈز ۋۇق بويىچە 50 نەپەردىن ئارتۇق چېرىكچى بەگ چاقىرتىلغان ئىدى. پەرغانىنىڭ پايتەختىدە قۇدۇق يوق بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي شەھەر سىرتىدىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنەتتى. شۇڭا خەن خاقانلىقى سۇ ئىشچىلىرىنى ئەۋەتىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى سۇ يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شەھەردىكىلەرنى سۇسىز قالدۇردى. پەرغانە ئەندىشە ۋە باش قېتىنچىلىق ئىچىدە قالدى» ⑩ دېيىلگەن. ئەكسىچە، خوجەند Khojend سىر دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، شۇڭا سۇ يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ پەرغانىنى ئەندىشە ۋە باش قېتىنچىلىق ئىچىگە سېلىش مۇمكىن ئەمەس. جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، لى گۇاڭلىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىر دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنلىرىدىن شەكىللەنگەن كىچىك دەريالارنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شەھەردىكىلەرنى سۇسىز قالدۇرۇپ مۇھاسىرە قىلماقچى بولغانلىقى ئەينى ئەھۋالغا ئۇيغۇنراق كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، گۇيشەن (贵山) شەھىرىنىڭ كاسان (Kasan) شەھىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. دېمەك، پەرغانىنىڭ مەركىزىنى كاسان شەھىرى دەپ ھۆكۈم قىلساق، بۇنىڭدىن كاڭگانىڭ مەركىزى پىتيەن (卑阗) شەھىرىنىڭ كاسان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1500 چاقىرىمدىن 2000 چاقىرىمغىچە كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، پىتيەن شەھىرىنى تۈركىستان (Turkstan) ئەتراپلىرىدا دېسەك مۇۋاپىق بولىدۇ.

كاڭگانىڭ شەرقىي چېگرىسى تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئىدى. «خەننامە. چىنتاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «چىچى تەڭرىقۇت ... كاڭگا خانىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى. كاڭگا خانىنىڭ قىزى، بەگلىرى ۋە بىر نەچچە يۈز پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنىڭ پۇت-قوللىرىنى كېسىپ، دۇلا (都剌水) دەرياسىغا تاشلىدى» ⑪ دېيىلگەن. بۇ يەردىكى دۇلا دەرياسى تالاس دەرياسى ئىدى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 4-جىلد «ئېلى يولى» بابىدىمۇ كاڭگانىڭ شەرقىي چېگرىسى بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ، تالاس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا پەرغانە بىلەن تۇتىشىدۇ» ⑫ دېيىلگەن. دېمەك، بۇمۇ دەل پەرغانىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ.

پەرغانىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسى «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» دە تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما «قانۇنلار. چېگرا مۇداپىئەسى قامۇسى» دا: «شاش ئېلى ... مەركىزى جېشى (柘析) ... دائىرىسى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ يەر خەن دەۋرىدىكى پەرغانىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا توغرا كېلىدۇ» دېيىلگەن.

فېڭ چېڭجۈننىڭ «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ Tashkend دېگەن تارمىقىدا: «قەدىمكى نامى chaj شاش، ‹ۋېينامە› دە جېشى (者舌) دەپ ئاتالغان، ‹سۇينامە› دە شاش ئېلىنىڭ مەركىزى Binkath دەپ ئاتالغان، ‹غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دە جېشى (赭时) دەپ ئاتالغان؛ ‹سەپەر خاتىرىلىرى› دە بۇ ئەلنىڭ بىر نامى جېجى (赭支) دەپ ئاتالسا، يەنە بىر نامى داۋەن (大宛) دەپ ئاتالغان؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تاشكەنت (塔什干) دەپ ئاتالغان» دەيدۇ ⑬. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن دەۋرىدىكى پەرغانىنىڭ چېگرىسى تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغىچە يېتىپ باراتتى. بۇ توغرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «قازاق تارىخى» دېگەن ئەسەردە: «تاشكەنت ئويمانلىقىدىكى بىر قانچە كىچىك قەبىلىلەرمۇ كاڭگا قەبىلىسىگە قاتناشقان» ⑭ دەپ يېزىلغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە، «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «سوتىراشانا (率都沙那) يەنى Ura—tupe خەن دەۋرىدىكى پەرغانە ئېلىدۇر»⑮ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن دەۋرىدىكى پەرغانە دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسى تاشكەنتتىن تارتىپ Ura—tupe گىچە يارايتتى.

پەرغانىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسى ئۇلۇغ توخرىلار ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ «ئۇلۇغ توخرىلار خانلىقى» تارمىقىدا: «ئۇلۇغ توخرىلار ئەسلىدە كۆچمەن خانلىق بولۇپ، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى هونلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ... باكترىيە خانلىقىدا چوڭ هۆكۈمدار يوق. شەھەرلەر كىچىك خانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا، خەلقى ئاجىز بولۇپ، ئۇرۇشتىن قورققاچقا، ئۇلۇغ توخرىلار كۆچۈپ كېلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى»⑯ دېيىلگەن.

ئۇلۇغ توخرىلار پۈتكۈل باكترىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، «باكترىيە بەش يابغۇلۇققا بۆلۈنگەن، بىرىنچىسى، شيۇمى يابغۇلۇقى، مەركىزى ۋاخان شەھىرى. ئىككىنچىسى، سىياماكا يابغۇلۇقى، مەركىزى سىياماكا شەھىرى. ئۈچىنچىسى، كۇشان يابغۇلۇقى، مەركىزى كاندوت شەھىرى. تۆتىنچىسى، شىدون يابغۇلۇقى ... بۇلارنىڭ هەممىسى ئۇلۇغ توخرىلارغا بېقىناتتى»⑰ بەش يابغۇلۇقنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى توغرىسىدا يېقىنقى زامان تارىخچىلىرى نۇرغۇنلىغان ئىسپاتلاش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدىغان يەكۈنلەرنى چىقىرالمىدى.

هىندى ئالىمى K. A نارايىن بەش يابغۇلۇق يەزگىلىدە، توخرىلارنىڭ ئىگىلىگەن رايونى ئاساسىي جەھەتتىن ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سۇرخان دەرياسى، كافىرخان (长菲尔甘河) دەرياسى ۋە خىش دەرياسى، قىزىلسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريا ۋادىلىرى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كوكچا دەرياسى ۋادىلىرى، ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئىدى، جەنۇبتا هىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتمىگەن، شيۇمى، كۇشان ۋە شىدون قاتارلىق ئۈچ يابغۇلۇق ئايرىم - ئايرىم هالدا پەيزاباد، چالا چايان قاتارلىق جايلارنىڭ ئەتراپلىرىدا بولغان. سىياماكا يابغۇلۇقى شيۇمى يابغۇلۇقىغا يېقىن بولۇپ، ۋاخاننىڭ ئىشكاشىم ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ.⑱ شيۇمى يەنى ۋاخان (Wakhan) سانسكرت تىلىدا Vakkana، پارس تىلىدا Fermhstat دېيىلىدۇ. «كېيىنكى خەننامە» دە، شيۇمى (休密) بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىدىكى ۋاخان (Wakhan) دېيىلگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ هەممىسى ئەينى دەۋردىكى ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ شەرقىي زېمىنى، پەيزاباد (Faizabad) ۋە ۋاخان (Wakhan) قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى دەپ قارايدۇ.

دېمەك، قەدىمدە ئىككى خانلىق پەنج دەرياسى بىلەن سىگنان دەرياسىنىڭ ئامۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىنى تەبىئىي چېگرا قىلغانىدى.

پەرغانىنىڭ شەرقىي جەنۇب چېگرىسى توغرىسىدا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، پەرغانىنىڭ شەرق تەرىپىدە رەت - تەرتىپ بويىچە شيۇشۇن (休循)، جۇەندۇ (捐毒)، سۇلى بەگلىكلىرى بار ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا، جۇەندۇ بەگلىكى، «مەركىزى يانقۇن جىلغىسى بولۇپ، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9860 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 380 تۈتۈن، نوپۇسى 1100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 500 نەپەر، شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2861 چاقىرىم كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا سۇلىغا بارغىلى بولىدۇ، جەنۇبى پامىر بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ يەردە ئادەم يوق. پامىردىن غەربكە ئۆتسە شيۇشۇنگە بارغىلى بولىدۇ. غەربىي شىمالدىن پەرغانىغىچە 1030 چاقىرىم كېلىدۇ...»⑲

دېيىلگەن.

دېمەك، ئۇنىڭ مۇساپىسى ۋە ئورنىغا قارىغاندا، جەنۇب تەرىپى كۆكئارت تېغى بىلەن، شەرق تەرىپى سۇلې (قەشقەر) خانلىقى بىلەن تۇتۇشاتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئۆلۈغچات ئەتراپىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق.

شيۇشۇن بەگلىكى، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «مەركىزى نياۋفېي قورغىنى بولۇپ، پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 10 مىڭ 210 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 358 تۈتۈن، 1030 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 480 نەپەر، ئۇنىڭ شەرقىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3121 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۆلۈغچات بەگلىكىنىڭ مەركىزى يانتۇن جىلغىسىغا 260 چاقىرىم، غەربىي شىمالىدىن پەرغانە خانلىقىغا 920 چاقىرىم، غەربىدىن ئۇلۇغ توخرىيلار خانلىقىغا 1610 چاقىرىم كېلىدۇ ...» ⑳ دېيىلگەن، شيۇشۇن بەگلىكىنىڭ ئورنى توغرىسىدا تارىخ ساھەسىدە گەرچە ئوخشىمىغان قاراشلار بولسىمۇ، بىراق كۆپچىلىك ئالىملار ئۇنىڭ ئورنى كۆكئارت تېغى ئارىسىدا دەپ قارىشىدۇ. ئەگەردە جۇەندۇ بەگلىكى بۈگۈنكى ئۆلۈغچات ئەتراپىغا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا شيۇشۇن بەگلىكى ئەلۋەتتە بۈگۈنكى ئەركەشتامنى كۆرسىتىدۇ.

) ھەممىگە مەلۇمكى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمال لىنىيىسى سۇلې - ئۆلۈغچات - ئەركەشتام تېرەك داۋان - ئوش - كاسان ئارقىلىق شىمالغا سوزۇلاتتى. بۇ يول توغرىسىدا «تارىخنامە»، «خەننامە» لەردە ئېنىق خاتىرىلەر يوق، لېكىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ قالدۇرغان ساياھەت خاتىرىسىدىن بۇ لىنىيىنىڭ زادىلا خارابىلىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «قەشقەرىيە» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى رۇسىيىلىك ئا. ن. كروپاتكىن دەل قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمال لىنىيىسىنى بويلاپ ماڭغان، 1876 - يىلى، ئۇ پەرغانىنىڭ ئوش شەھىرىدىن قەشقەرگە كەلگەندە، مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

«ئوشتىن تارتىق تاغ ئېغىزىغىچە 18 رۇس چاقىرىمى (12 ئىنگلىز چاقىرىمى) كېلىدۇ؛ تارتىق تاغ ئېغىزىدىن گۈلزا چارسىغىچە 40 رۇس چاقىرىمى ($32\frac{1}{3}$ ئىنگلىز چاقىرىمى) كېلىدۇ ... كۆكسۇدىن ئەركەشتامغىچە 23 رۇس چاقىرىمى ($15\frac{1}{3}$ ئىنگلىز چاقىرىمى) كېلىدۇ. ئەركەشتامدىن يېجىن (叶金) غىچە 20 رۇس چاقىرىمى ($13\frac{1}{3}$ ئىنگلىز چاقىرىمى) كېلىدۇ. يېجىندىن ئۆلۈغچاتقىچە 18 رۇس چاقىرىمى (12 ئىنگلىز چاقىرىمى) كېلىدۇ» ㉑.

دېمەك، بۇ مۇساپىغا ئاساسلانغاندا، ئەركەشتام بىلەن ئۆلۈغچاتنىڭ ئارىلىقى $25\frac{1}{3}$ ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدۇ. ئەگەردە بىر كىلومېتىر 0.621 ئىنگلىز چاقىرىمغا توغرا كېلىدىغان ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى بۈگۈنكى 83 چاقىرىم (里) غا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

خەن دەۋرىدىكى شيۇشۇن بىلەن جۇەندۇنىڭ ئارىلىقى ئەگەردە 110=920—1030 چاقىرىم كېلىدىغان بولسا (خەن - تاڭ دەۋرلىرىدە بىر چاقىرىم بۈگۈنكى 400 مېترگە توغرا كېلەتتى)، ㉒ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بۈگۈنكى 88 چاقىرىمغا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، بۇ ئىككى دەۋردە خاتىرىلەنگەن مۇساپە ئىنتايىن يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ئۆزۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەركەشتام دەل خەن - تاڭ دەۋرلىرىدە شيۇشۇن دەپ ئاتالغان زېمىننى، ئۆلۈغچات جۇەندۇ دەپ ئاتالغان زېمىننى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا پەرغانە خانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسى تېرەك داۋان ۋە گۈلزا چارسىغىچە بولۇپ، ئۇ ئۆلۈغچات، ئەركەشتام بەگلىكلىرىنىڭمۇ چېگرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسى توغرىسىدا، «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «پەرغانە خەن خاندانلىقىدىن 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ ... شەرقىي

شىمالىدا ئۈيسۈن بار» دېيىلگەن.

«خەننامە. چېن - تاڭ تەزكىرىسى» دە: «هونلارنىڭ چىچى تەڭرىقۇتى غەربكە قاراپ كانگاغا قاچتى، (ئۇ) كانگا قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈيسۈنلارغا بىرنەچچە قېتىم هۇجۇم قىلدى ۋە ئىچكىرىلەپ كىرىپ قىزىل قورغانغا باردى. خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، مال - چارۋىلىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئۈيسۈنلار ئۇلارنى قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. نەتىجىدە ئۈيسۈنلارنىڭ غەربتە ئارىپىدىكى مىڭ چاقىرىمغىچە يېرى ئادەمسىز بوش قالدى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، كۆپ سانلىق ئالىملار: «قىزىل قورغان ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مەلۇم جاينى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقى ئەسەرلەردە: جيەنجاۋنىڭ 3- يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 36 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى گەنيەنشۇ بىلەن ياردەمچى چېرىكچىسى چېن تاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ يولغا چىقتى ... «3000 دەك قورۇقچىبەگ ئەسكىرى ئونسۇدىن شىمالىي يول بىلەن قىزىل قورغانغا كىردى ۋە ئۈيسۈن ئارقىلىق كانگاغا كىرىپ ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا يېتىپ باردى» ㉓ دېيىلگەن. مېنىڭچە، بۇ، ئەسلى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۈيسۈنلارنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسىنىڭ ئىسسىقكۆلدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقى، ئەڭ بولمىغاندا ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇمۇ پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، پەرغانىنىڭ خەن- تاڭ دەۋرلىرىدىكى زېمىن دائىرىسى مۇنداق ئىدى: شەرقىي شىمال چېگرىسى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە، شىمالىي چېگرىسى تالاس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغىچە، غەربىي شىمال چېگرىسى تاشكەنتتىن تارتىپ ئورال تۆپىلىكىگىچە، غەربىي جەنۇب چېگرىسى پەنج دەرياسى بىلەن سىگنان دەرياسىنىڭ ئامۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىغىچە، شەرقىي جەنۇب چېگرىسى تېرەك داۋان ۋە گۈلزا چازىسىغىچە ئىدى، ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىق مەركىزى كاسان شەھىرى ئىدى. شۈبهىسىزكى، بۇ دۆلەت خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «大宛» (بۈيۈك پەرغانە) دەپ ئاتالغان نامى بىلەن ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىدى.

---

**ئىزاهلار:**

①②③④⑥⑩ «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 489 -، 490 -، 491 -، 507 -، 511 — 512 - بەتلەر.

⑤⑳⑲⑰⑯ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 877 -، 872 — 873 -، 880 - بەتلەر.

⑦ ⑫ سۇبىخەي: «غەربىي يۇرت تارىخى جۇغراپىيىسى»، 1 - توم، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 11 -، 19 - بەتلەر.

⑧⑨ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىل نەشرى، 44 -، 50 - بەتلەر.

⑪㉓ «خەننامە. چېن تاڭ تەرجىمىهالى» (ئۇيغۇرچە)، 580 — 581 -، 583 - بەتلەر.

⑬ ⑮ فېڭ چېڭجۈن «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىل نەشرى، 93 -، 89 - بەتلەر.

⑭ D. M ئەۋزوف (سوۋېت ئىتتىپاقى) قاتارلىقلار يازغان «قازاق تارىخى»، 1 - توم، ئالما ئاتا دۆلەتلىك نەشرىياتىنىڭ 1957 - يىل قازاقچە نەشرى، 47 - بەت.

⑱ ۋاڭ جىلەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1986- يىل نەشرى، 125 - بەت.

㉑ ئا. ن. كروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 10 - بەت.

㉒ يۇتەيشەن: «پەرغانە ۋە كانگا خانلىقى توغرىسىدا»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 - يىللىق 1 - سان، 20 - بەت.

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدهاجى

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان ۋاقتى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئەنەيتۇللا قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان ۋاقتى، ئىجتىمائىي ئېڭى، ئەدەبىي ئىستىكى ۋە تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ دەسلەپكى قاتلىمى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بالدۇر ئويغانغان ھەم ئىدىيە، ئاڭ ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەردە، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ خاھىش، پىكىر قاتلىمىدا ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن شەخس، ئۇ ئىدىيە جەھەتتە كونا دېموكراتىزملىق ئىدىيىۋى قاراشلاردىن ئۆزگىرىش ياساپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، مۇتەئەسسىپ ۋە جاھالەتپەرەس كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەركىنلىك، ئازادلىق يولىغا يېتەكلەشنى ياشاش مىزانى قىلغان ئىلغار دېموكرات؛ كونا ئاڭ، بۇزۇلغان روھىيەت، مەۋجۇت تۈزۈم ۋە قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيىتىنى ئىدىيىۋى مەزمۇن، تېما، تىل، بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە شەكىل قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىرگەن مەشھۇر ئەدىب ۋە تىل ئۇستىسى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى قۇرۇق ھەۋەس ۋە ئىشتىياقتىن ئەمەس، بەلكى يۈكسەك غايە، بىجانىدىل ئىزدىنىش ۋە ئىلغار، سىياسىي - ئىجتىمائىي ئاڭ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىستېمىلىق ئەدەبىي ئىجادىيىتى 14 ياش ئەتراپىدىلا باشلانغان بولۇپ، ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا سىستېمىلىق تەربىيىلەنگەن ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش شارائىتىغا ئىگە بولغان، ئۇ ئائىلىدە ۋە دىنىي مەكتەپتە ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن، ئۇيغۇر ۋە شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدىكى بەدىئىي نەمۇنىلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت شەكىللىرى بىلەن تونۇشقان. بالىلىق چاغلىرىدا كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى، ئۇنىڭ بۇنداق كىتابخۇمارلىقى شۇ دەۋردىكى تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا خاسلىققا ئىگە ئالاھىدىلىك ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ بوۋىسى ھەر قېتىم سودا سەپىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭغاندا، ئابدۇخالىق ئۇنىڭغا كىتاب ئالغاچ كېلىشنى ئالاھىدە تاپىلايتتى، بىر قېتىم بوۋىسى ئۇنىڭغا قاتتىق مۇقاۋىلىق قېلىن بىر كىتابنى 300 تەڭگىگە سېتىۋېلىپ كەلگەندە، ئۇرۇق - تۇغقان،

قوشنا- قولۇملار تالڭ قىلىشنىپ «بۇنىمۇ 300 سەر تەڭگىگە سېتىۋالغان بارمۇ» دېيىشكەندە، ئابدۇخالىق: «بۇ كىتابنىڭ ھەربىر بېتىدىن 300 سەر تەڭگە تۆكۈلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئايرىم بېزىقچىلىق ئۆيى بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن كىتابلار، جۈملىدىن ناۋائىنىڭ قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىن قولىيازمىلار توپلىمى، ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلار توپلىمى، قاتارلىق كىتابلار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا فىر دەۋسى، سەئىدى، لېۋ. تولستوي، لېرمونتوۋ، گوركىي، ساۋشۆچىن، لۇشۇن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تۈركىيىدە نەشىر قىلىنغان تۈركچە ژۇرناللارنىڭ 1910 -، 1914 -، 1915 - يىللىق توپلاملىرى، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ يىللىق توپلاملىرى، «شەرق ئەنزارى» ژۇرنىلىنىڭ بەزى سانلىرى، «رۇس تىلى لۇغىتى» قاتارلىقلارمۇ ساقلانغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنىسى ساتتار ھاجىم، سىڭلىسى خەلچىخان ھاجىم ۋە باشقا شاھىدلار شائىر قەتلى قىلىنغاندىن كېيىنكى (1933 - يىلى مارتىكى) بىرىنچى قېتىملىق تالان - تاراج قىلىش ۋەقەسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، شائىرنىڭ كىتاب ماتېرىياللىرى ۋە ئىجادىيەتلىرىدىن بىرقانچە تاغار ماتېرىيالنى شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن بىر ھەپتە كېيىن ئەكبەرخان (شائىرنىڭ يېقىن دوستى) نىڭ ئابدۇخالىقنىڭ قولىيازمىلىرىدىن ئۈچ چوڭ تاغار ماتېرىيالنى شائىرنىڭ ئاپىسىدىن سوراپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. كېيىن شائىر بىلەن باردى كەلدى قىلىشقان بۇرھان شەھىدىمۇ خېلى كۆپ شېئىرلار ۋە فوتو سۈرەتلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئىككىنچى قېتىم، 1938 - يىلى شائىرنىڭ نۇرغۇن ماتېرىياللىرى يوقىتىۋېتىلگەن. 1967 - يىلدىكى «4 كونىنى يوقىتىش» ھەرىكىتىدە «قىزىل قوغدىغۇچىلار» شائىرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ساقلىغان بىر ئىشكاپ قولىيازما ۋە باسما ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

دېمەك، پەنگە، يىغىلىقتا بىز بىلىش، كىتاب ماتېرىيال يىغىش ئۇنىڭ ئەڭ زور ئىستىكىگە ئايلانغان. پايدىلىق شارائىت ئىچىدە سىستېمىلىق تەربىيىلىنىش بىلەن ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاش ئاساسىدا بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھەمدە كۆپ ئوقۇش، يادقا ئېلىش يولى بىلەن باشقا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىش ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن بۇختا ئاساس بولغان.

ئۇنى تۇنجى قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت قوينىغا باشلىغان ئۇستازلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ مومىسى ئەرەمسىما خېنىم ئىدى، ئەرەمسىما خېنىم ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن كۆپ كىتاب كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە مول بىلىملىك ئايال ئىدى. بالا چاغلىرىدىنلا بوۋىسى مىجىت ھاجىم، مومىسى ئەرەمسىما خېنىم سۆزلەپ بېرىدىغان ھېكايە، رىۋايەت، چۆچەك، خەلق داستانلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىنى ئىنتايىن زەڭ قويۇپ ئاڭلايدىغان ئابدۇخالىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ناھايىتى چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئىدى ۋە خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن قوشاق، داستان، چۆچەك، لەتىپىلەرنى توپلىغان ۋە ئۇلارنى يادلىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرى بەدىئىي قۇرۇلما، پىكىر رىتىمى، ھېسسىيات ئىزھارى جەھەتلىرىدە خەلق ئەدەبىياتى بىلەن قويۇق باغلىنىشلىقتا ئىنگە بولغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 12 يېشىدىلا «بالا ھاپىز»، «تالىپ قوشاقچى» دېگەن نامنى ئالغان، ئۇنىڭ بالا ۋاقىتلىرىدىلا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتىلغان ئەھمىيەتلىك تېمىلاردا قوشاق يېزىشى تەشاددىيلىق ئەمەس. بۇنىڭدا ئۇنىڭ بالدۇرلا پەيدا بولغان ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە مەۋجۇت ھالەتتىن بىزار بولۇش روھىي ھالىتى، يېڭى ئىلغار ئېقىملارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتەك ئىنتىلىشچان پسىخىكىسى رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي

ئۆزگىرىشىنىڭ گەۋدىلىك تەسىرى مەۋجۇت، ئەلۋەتتە. 1910 - يىللاردىن باشلاپ ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق ھاجى، شەۋقى يېتەكچىلىك قىلغان مائارىپ ئىسلاھاتى دولقۇنى قەشقەردىن ھالقىپ شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ مەزگىللەردە «شىنخەي ئىنقىلابى»، «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى»، «ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى»، «قومۇل تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابى» قاتارلىق ئىنقىلابلار بولدى. بۇنداق يېڭى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىمۇ ئويغىنىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش پارلىققا كەلدى. بۇ ھال ئابدۇخالىقنىڭ كونا مائارىپنىڭ قاتماللىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ «يەتتە يىللاپ تېنىم تاپماي ئوقۇيمىز - ئوقۇيمىز، بابى ئىستىنجاغا كەلدى ئەمدى بىرنىڭ دەرسىمىز» دېگەن قوشىقى مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن، بۇ قوشاقنى ئابدۇخالىق 1913 - يىلى 12 يېشىدا يازغان. شۇ يىلى ئۇ ئۇدا يەتتە يىل ئوقۇغان كونىچە ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇيدۇ، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ناھىيە ئامبىلى ئۇنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ بۇنى رەت قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى خېلى بالدۇرلا تونۇپ يېتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

1910 - يىللار ئەتراپىدا، شىنخەي ئىنقىلابى ۋە قومۇل تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، مائارىپتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، مىللەتنى ئاڭ جەھەتتىن ئويغىتىش ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نۇقتىلىق تېمىغا ئايلانغانىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى مۇئەييەن قاراشقا، يېڭى ئىدىيەۋى ئاڭغا ئىگە قىلىدۇ. 1914 - يىللار ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىسيانكارلىق ئاكتۇئال روھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن فېئودالىزمغا، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرگە قارشى تۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ قاتمال ئېڭىنى ئۆزگەرتىش ئىستىكىنى تىكلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق بۇ ئىستىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ دەۋرگە بولغان ئىسلاھات ئىستىكىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە خېلى كىچىكلا قەدەم قويۇشىدا، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەنلىكىمۇ چوڭ رول ئوينايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ( 学堂 ) دا ئوقۇغان ئىدى. «شۆتاڭ» مەكتەپلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئوقۇتقۇچى ئابدۇخالىققا ئۇنىڭ ئەمەلىي قابىلىيىتىنى ئاساس قىلىپ 哈文才 دەپ ئىسىم قويغان ئىدى. بۇ دەل ئابدۇخالىقنىڭ ئەدەبىي تالانت ۋە قابىلىيەت جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «شۆتاڭ» دا ئوقۇۋېتىپ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئۈلگىلەر بىلەن تونۇشتى، لۇشۈننىڭ ئىجادىي ھاياتى بىلەن ئۇچراشتى، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇپ خاتىرە يازدى، «3 مەسلەك» نى تەرجىمە قىلدى ۋە ئۇنى شەرھلەيدىغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ماقالىلەرنى يېزىپ چىقتى، بۇ ھال شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە بەلگىلىك ئۇسلۇب يارىتىشى، ئىگىلىشى ئۈچۈن چوڭ ياردەم بېرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئىجادىيىتىنى 13 - 14 ياشلىرىدىلا باشلىغان. ئۇنى بىز ئۇنىڭ ئەۋزەل ئائىلە مۇھىتى، سىستېمىلىق تەربىيىلىنىشى، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېغىزلاندۇرۇشى، شۇنداقلا شىنخەي ئىنقىلابى ۋە تۇرپان - قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى قاتارلىقلار بىلەن باغلاپ قارايمىز.

شائىرنىڭ ئىدىيە جەھەتتە بالدۇر ئويغىنىشى، مەۋجۇت ھالەتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆزگەرتىشتە ئەدەبىياتنى ۋاستە قىلىپ تاللىغانلىقى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى يۈكسەك مەقسەت ۋە غايىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى**

# ئىما - ئىشارەت تىلىنىڭ ئالاقىلىشىشتىكى رولى توغرىسىدا

ئايشەم ئابدۇللا

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىما - ئىشارەت تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىدىكى ياردەمچى ۋاسىتىلىك رولى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئىما - ئىشارەت تىلى بىر خىل تاۋۇشسىز تىل بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي تۇرمۇشى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان ئالاھىدە بىر خىل ئالاقە شەكلى. ئىما - ئىشارەت تىلى كىشىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى، بەدەن ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتى جەھەتتە كۆرۈلگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ھەر خىل ھېسسىيات ۋە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىما - ئىشارەت تىلى كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ تارىيىشى ياكى كېڭىيىشى، كۆز، قاش، كىرپىك، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، قول، پۇت قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك ئىشارەتلىك ھەرىكەتلىرىنى ئىپادىلىشى، بەدەن قىياپىتى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشلەردە بولۇشى ئارقىلىق خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ۋە سىرلىق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ.

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىدە، ئىما - ئىشارەت تىلى تاۋۇشلۇق تىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ياردەمچى ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇچۇر بەرگۈچى (سۆزلىگۈچى) ئۆزى سۆزلەۋاتقان سۇرۇننىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، ئىما - ئىشارەت تىلىدىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆز سۆزىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ياكى تاۋۇشلۇق تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن ۋە ئەپسىز بولغان بەزى مەزمۇنلارنى قارشى تەرەپكە ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئېنىق بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆز بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ بەزى توسالغۇلارغا ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيەتتە يەتكۈزگەن ئۇچۇرى ئەسلىدە يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇرغا ئوخشىماي قالىدىغان (سۆزى ئۇقۇشلۇق بولماي قالىدىغان) ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالىدۇ ياكى تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئوي - پىكىرلەر ئەقلىي بىلىش كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقلىي بىلىش جەريانىدىن ئۆتۈپ پىششىقلانغاندىن كېيىن

ئىپادە قىلىنغان ئوي - پىكىرلىرىمۇ بەزىدە ئەسلى مەقسەتنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەي قالىدىغان (كۆڭۈلدىكى سۆز ئېيتىلماي قالىدىغان) ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچى (ئاڭلىغۇچى) ئۇچۇر بەرگۈچىنىڭ تاۋۇشلۇق تىلىنىڭ ئىچىگە ياكى سىرتىغا يوشۇرۇنغان ئەسلى مەقسەتنى ئۇنىڭ ئىما - ئىشارىتىنىڭ ياردىمى بىلەن بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ئۇچۇر بەرگۈچىنىڭ ئىما - ئىشارەت تىلىلا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ياردەمچى ۋاسىتە بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۇچۇر قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىگەن چىراي ئىپادىلىرى ۋە بەدەن ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇھىم بىر ياردەمچى ۋاسىتە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، پىشقان ناتىقلار، بولۇپمۇ تەجرىبىلىك ئەدلىيە خادىملىرى ئىما - ئىشارەت تىلىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئۇچۇر قوبۇل قىلىش جارىيانىدا ئىپادىلىگەن ئىما - ئىشارىتىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ۋە ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى دەرھال مۆلچەرلىۋالالايدۇ ۋە پىكرىنى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتىپ بارالايدۇ.

تاۋۇشلۇق تىلنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ رولىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئىما - ئىشارەت تىلىمۇ ئىنسانلارنىڭ قوشۇمچە تىلى سۈپىتىدە تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە خاس فۇنكسىيە ۋە قۇرۇلمىغا ئىگە تىل بولۇپ شەكىللەندى ھەم ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئىما - ئىشارەت تىلى گەرچە تاۋۇشلۇق تىلغا ئوخشاش قولاي بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىدە تاۋۇشلۇق تىل ئوينىيالمايدىغان رولنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، رولى چوڭ بولغاچقا، ھازىر ئۇ تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ ئەدلىيە، دىپلوماتىيە، ئاممىۋى مۇناسىۋەت، تىبابەتچىلىك، قاتناش - ترانسپورت، سەنئەت، ناتىقلىق ۋە بىناكارلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلماقتا.

ئىما - ئىشارەت تىلىنىڭ ئالاقىلىشىشتىكى رولىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىما - ئىشارەت تىلى تاۋۇشلۇق تىلنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئىما - ئىشارەت تىلى تاۋۇشلۇق تىلدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ماسلىشىپ ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، تاۋۇشلۇق تىلنىڭ قايىل قىلىش ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ۋە شۇ ئارقىلىق تاۋۇشلۇق تىلنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، روشەنلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، ئىما - ئىشارەت تىلى كىشىلەرنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت تەۋەلىكىنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىما - ئىشارەت ئادەتلىرى بولىدۇ ۋە بۇ ئىما - ئىشارەت ئادەتلىرى كۆپ ھاللاردا شۇ مىللەتنىڭ سالاھىيىتىنى ھەم دۆلەت

تەۋەلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بىر ۋاستە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، «تىكىلىنىپ قاراش» ھەرىكىتىنى ئالساق، بۇنى جۇڭگولۇقلار بىر خىل قىلىقسىزلىق دەپ بىلىدۇ، ئەمما ئامېرىكىلىقلار مۇناسىۋەتنىڭ يېقىنلىقى ۋە ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىدۇ. ئەنگلىيىلىكلەر بولسا بىر خىل ئەدەب - قائىدىلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىدۇ. ھىندىستانلىقلار «بېشىنى لىڭشىتىش» ھەرىكىتىنى «ياق» دەپ، «بېشىنى چايقاش» ھەرىكىتىنى «ھەئە» دەپ چۈشەنسە، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە چۈشىنىدۇ. «سالاملىشىش» ھەرىكىتىنى ئىپادىلەشتە، جۇڭگولۇقلار باش لىڭشىتىش ياكى قول ئېلىشىش ئۇسۇلىنى، ھىندىستانلىقلار ئالقانلىرىنى جۈپلەپ يۈزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىش ئۇسۇلىنى، تۈركىيىلىكلەر ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ كۆكسىگە قويۇش ۋە ئېگىلىپ تەزىم قىلىش ئۇسۇلىنى، ياۋروپالىقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار قول ئېلىشىش ياكى قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. «1» دېگەن سانىنى ئىپادىلەشتە، جۇڭگولۇقلار بىگىز بارمىقىنى چىقىرىدۇ، ياۋروپالىقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار باش بارمىقىنى چىقىرىدۇ ۋە باشقىلار. يەنە بىر مىسال ئالايلى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ناتسىستلار گېرمانىيىدىكى يەھۇدىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن قىرىپ تۈگەتمەكچى بولغاندا، يەھۇدىلار ئۆزلىرىنى غەيرىي يەھۇدى قان سىستېمىسىدىكى «ئاق تەنلىكلەر» دەپ جاكارلىغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزى ئىما - ئىشارەتلىرى، بولۇپمۇ قول ھەرىكىتى نېمىسلارنىڭكىگە ئوخشىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار يەنىلا نېمىسلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان. يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىك-لەرنى ئۇبدان بىلىدىغان ناھايىتى تەجرىبىلىك ئەدلىيە، دىپلوماتىيە ياكى مەخپىي ئاخبارات خادىملىرى يالغان پاسپورت بىلەن ھەر خىل قىياپەتكە كىرىۋالغان ھەم تۈرلۈك تىللاردا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان چەت ئەل جاسۇسلىرىنى ئاسانلا بايقىۋالالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئىما - ئىشارەت تىلى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى، كەسپىي ۋە شەخسىي سالاھىيىتىنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ھەربىيلەر ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ياكى ئاددىي ئەسكەرلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، تەقى - تۇرقى ۋە روھىي ھالىتى ئوخشىمايدۇ. دېھقان ئىشچىلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، تەقى - تۇرقى دېھقانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆز كەسپىگە پىشقان تەجرىبىلىك ئەدلىيە، دىپلوماتىيە ۋە مەخپىي ئاخبارات خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىما - ئىشارەتلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرماقچى بولغان ھەقىقىي سالاھىيىتى ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى ئاسانلا سېزىۋالالايدۇ.

تۆتىنچى، ئىما - ئىشارەت تىلى كىشىلەرنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاش رولىنى ئوينايدۇ. پسىخولوگىيىلىك قائىدىگە ئاساسلانغاندا، بىر كىشىنىڭ مۇئەييەن ئىچكى پائالىيىتى فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيە جەھەتتە مەلۇم بىر شەكىللىك نەرسە ھالىتىدە ئەكس ئېتىدۇ، بۇ شەكىللىك نەرسە دەل ئۇنىڭ ئىما - ئىشارەت ئىپادىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئەدلىيە

خادىملىرى تەرىپىدىن سوراق قىلىنىۋاتقان مەلۇم بىر جىنايەتچى ئەگەر ئۆزىنىڭ بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى قىلچە يوشۇرماي ئەينەن تاپشۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى، بەدەن ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتىدە ھېچقانداق قورقۇش، ھودۇقۇش، تىترەش، تەرلەش، ئەپسىزلىنىش قاتارلىق غەيرىي نورمال ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ، ئۇ ئۆزىنى باشتىن - ئاخىر تەمكىن تۇتىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئىما - ئىشارەتلىرى ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرگە تەبىئىي ھالدا ماسلاشقان بولىدۇ. ئەگەر بۇ جىنايەتچى ئالدامچىلىق ۋە ھىيلىگەرلىك قىلىپ جىنايىتىنى ئەينەن تاپشۇرماي يالغان سۆزلەۋاتقان بولسا، ھەرقانچە ئۇستاتلىق قىلىپ سەممىي قىياپەتكە كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ، تۈلكە قۇيرۇقىنى يوشۇرالمىغاندەك، ئىما - ئىشارىتىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدا قانداقتۇر ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى ياكى گەدىنىنى قاشلاش، ئىڭەكلىرىنى سىلاش، كالپۇكىنى چىشلەش، بۇرنىنى سىلاش، قۇلىقىنى تۇتۇش، چېچىنى تاراش، ئاغزىنى يۇمۇۋېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۆرۈلىدۇ. قول ھەرىكىتى ئازىيىپ، ئولتۇزغان ئورنىدىن ئۇياق - بۇياققا قىمىرلاش ھەرىكىتى كۆپىيىدۇ، روھىي جەھەتتە جىددىيلىشىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى بولالايدۇ.

بەشىنچى، ئىما - ئىشارەت تىلى بەزى ئالاھىدە ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ ئاۋۇشلۇق تىل بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن بولمىغان ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر باسقۇنچىلىق جىنايىتىنى ئېنىقلاشتا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بېرىشتىن خىجىل بولۇپ سۆزلىمەي تۇرۇۋالىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە «يۈزى قىزىرىش»، «يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېلىش»، «تىرنىقىنى تاتىلاش»، «باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش» ھەرىكەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئەدلىيە خادىملىرى بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، دېلونىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشنىڭ مۇھىم بىر ئىسپاتىغا ئىگە بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىما - ئىشارەت تىلى كىشىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى، بەدەن ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل ئاۋۇشسىز تىل بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىدە ھەر خىل مۇرەككەپ ئىچكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئاۋۇشلۇق تىلنىڭ مۇھىم بىر ياردەمچى ۋاستىسى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئىما - ئىشارەت تىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى رولىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى

# ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش شەرتلىرى توغرىسىدا

يارى ئەبەيدۇللا

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا يۈز بېرىدىغان بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە بۇ خىل ئاجىزلىشىشنىڭ شەرتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ يېزىقتىكى ئىپادىسى قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماقالە - ئەسەرلەردە، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ياكى بۇ ھەقتە قىسقىچە توختاپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، زادى ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا قايسى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىدىغانلىقى ياكى ئاجىزلاشمايدىغانلىقى، ئاجىزلاشسا، قانداق فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاجىزلىشىدىغانلىقى، قانداق فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاجىزلاشمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يېزىقتىكى ئىپادىسى دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېنىق ۋە تەپسىلىيرەك بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولماسلىقى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئېغىز تىلى ئوقۇتۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاددىيسى ئۇيغۇر تىلىنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقانلار كىتابىي تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان ھالەت كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، مۇشۇ جەھەتتە ھېس قىلغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتۇق.

تەلەپپۇز جەريانىدا ئاۋاز (تاۋۇش) كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپەيلىدىن، تاۋۇش تېمبىرىدا (تاۋۇش تۈسىدە ياكى سۈپىتىدە) ئۆزگىرىش بولۇش ھادىسىسى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ. «ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزدا بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىلىش جەريانىدىكى رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇزدا بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىلغاندا، توسقۇنلۇق كۈچى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئۈزۈك تاۋۇش كۈچلۈك ئۈزۈك تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ. توسقۇنلۇق كۈچى ئانچە يۇقىرى بولمىغان ئۈزۈك تاۋۇش ئاجىز

ئۇزۇك تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ» .[1]شۇڭا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى دېيىلگەندە، توسقۇنلۇق كۈچى كۈچلۈكرەك بولغان ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىزراق بولغان ئۇزۇك تاۋۇشلارغا ئايلىنىشىغا قارىتىلىدۇ. ئومۇمەن «توسقۇنلۇق كۈچى پارتىلىغۇچى تاۋۇشلاردا، جاراڭسىز تاۋۇشلاردا كۈچلۈك، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردا، جاراڭلىق تاۋۇشلاردا ئاجىز بولىدۇ» . پارتىلىغۇچى تاۋۇشلارغا نىسبەتەن پارتىلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردا توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىز بولىدۇ. پارتىلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا نىسبەتەن سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردا توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا پارتىلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ پارتىلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا ياكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا، پارتىلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلارغا ئايلىنىشى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ بويىچە تۆۋەندە بىز ئۇرۇمچى تەلەپپۇزى ئاساسىدا شەكىللىنىۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا قايسى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ قانداق فونېتىكىلىق شارائىتتا ئاجىزلىشىدىغانلىقى ياكى ئاجىزلاشمايدىغانلىقى ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىدىغان پارتىلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [q′]شۇ تۈردىكى سۆزلەرگە «ق» دىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان-تىل تەركىبلىرى ئۇلانغاندا، تەلەپپۇزدا [q′] تاۋۇشى سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش [x] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| توقلا - | [t′oxla—] |
| ئۇقتۇر- | [uxt′ur—] |
| سىقما | [sixma] |
| ساقچى | [saxtʃi] |
| ئاقسۇ | [axsu] |
| ساق - سالامەت | [sax—salamεt′] |
| ئاق ساراي | [ax saraj] |

لېكىن، پارتىلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [q′] بوغۇم ياكى سۆز بېشى بولۇپ كەلسە ۋە ياكى [q′] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان تىل تەركىبلىرى (بوغۇم ياكى قوشۇمچە) ئۇلانسا، [q′]تاۋۇشى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [x]غا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

[Joq′—a]→[joqa—]

[siq — im]→[siqim]

[uq′—ival]→[uq′ival]

[aq′—q′an]→[aq′q′an]

[t′avaq′—qa]→[t′avaq′q′a]

[tʃaq′—ε]→[tʃaq′ε—]

2. پارتىلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش [q′] بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بىر قىسىم تۈرغۇن سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ شەخس (تەۋەلىك) قوشۇمچىلىرى ياكى «لىق //-لۇق» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، تەلەپپۇزدا سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [q′] تاۋۇشى ھەم سىيرىلاڭغۇلىشىدۇ، ھەم جاراڭلىقلىشىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇ ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى پارتىلىغۇچى، جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش [q′] سىيرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۇزۇك تەۋۇش [ʁ] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| چاتىقىم | [tʃat′iʁim] |
| قىزىقى | [q′iziʁi] |
| قىرىقى | [q′iriʁi] |
| قاندىقى | [q′and′iʁi] |
| تۇراقلىق | [t′uraʁli q] |
| قورۇقلۇق | [q′uruʁluq] |

لېكىن، «ھوقۇق» ، «ئىتتىپاق» دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [q′]تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن،

① ②لۇئەنيۈەن، جىن ياسېڭ: «قىسقىچە پراكتىكا فونېتىكىسى» ، مەركىزى مىللەتلەر شۆيۈەنى نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل نەشرى، 154 - بەت.

«هوقۇقى» ، «ئىتتىپاقىم» دېگەندەك.

3. پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [K′] بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بىر قىسىم تۈرغۇن سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ياكى «-لىك //-لۇك» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا، تەلەپپۇزدا شۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى پارتلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش [K′] ئاجىزلىشىپ، سىيرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتى بولغان [ɣ] غا ئۆزگەرتىلىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| ئۆتۈكۈم | [φtyɣym] |
| يېرىكى | [jiriɣi] |
| ئەللىكى | [εlliɣi] |
| بېزەكلىك | [b′ezεɣlik′] |
| كۆڭلەكلىك | [k′φŋlεɣliK] |
| كۆمۈكلۈك | [k′φmyɣlyk′] |

ئەسكەرتىش: [K′] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان [ɣ] دىن ئىبارەت بۇ تاۋۇش ئېلېمېنتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزىدا پارتلىغۇچى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى [g′] دىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ تاۋۇش ئېلېمېنتى ئادەتتە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىدە [ɣ] تامغىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ تامغا سىيرىلاڭغۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

4. پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [k′] بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «ك» تاۋۇشىدىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان تىل تەركىبلىرى (بوغۇم ياكى قوشۇمچىلار) ئۇلانسا، [k′] تاۋۇشى ئوتتۇرىدا سىيرىلاڭغۇلىشىپ [ç] تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ئاجىزلىشىدۇ ([ç] تامغىسى خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىدە پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى «ك» غا ئەمەس، بەلكى سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ). مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| تىكلە - | [t′içlε—] |
| ئۆكسۈپ | [φçsyp′] |
| كۆكرەك | [k′φçrεk′] |
| كەكلىك | [k′εçlik′] |
| سەكرە - | [sεçrε—] |
| ئەكچىمەك | [εçtʃimεk′] |
| سەكسەن | [sεçsεn] |

لېكىن، بوغۇم ياكى سۆز بېشىدا كەلگەندە ۋە ياكى «ك» تاۋۇشىدىن باشلانغان تىل تەركىبلىرى ئۇلانغاندا، [K′] تاۋۇشى [ç] تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن، «مەككە» ، «يەككە» ، «كۆككىنە» ، «بۆككە» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن [k′] تاۋۇشى تەلەپپۇزدا سىيرىلاڭغۇلاشمايدۇ.

5. پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [P′] بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بىر قىسىم تۈرغۇن سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، تەلەپپۇزدا سۆز ئاخىرىدىكى شۇ [P′] تاۋۇشى ھەم سىيرىلاڭغۇلىشىدۇ ھەم جاراڭلىقلىشىدۇ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇ تاۋۇشنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى پارتلىغۇچى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش [p′] سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش [v] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| غەزىپىم | [ʁεzivim] |
| تەرتىپى | [t′εrt′ivi] |
| مەنسىپىڭ | [mεnsiviŋ] |
| كاتىپى | [k′at′ivi] |

لېكىن، «مائارىپ» ، «سىنىپ» دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [P′] تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ.

ئەمدى، پېئىللارنىڭ «پ» لىك رەۋىشداش شەكلى بەزى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ

كەلگەندە يۈز بېرىدىغان [P′] تاۋۇشنىڭ [v] تاۋۇشغا ئاجىزلىشىش مەسىلىسىگە كەلسەك (مەسىلەن، يېزىپ + ئال = يېزىۋال دېگەندەك)، ئۇ تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بىز توختىلىۋاتقان نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش دائىرىسىگە ئەمەس، بەلكى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

6. «باش»، «باغ» سۆزلىرى بىرىككەن سۆزلەردە ئىككىنچى (كېيىنكى) تەركىب بولۇپ كەلسە ياكى سۆز بىرىكمىسى (سان مىقدار بىرىكمىسى) دە كېيىنكى تەركىب (بېقىندۇرغۇچى سۆز) بولۇپ كەلسە، شۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى پاتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [b′] تەلەپپۇزدا سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش [v] غا ئاجىزلىشىدۇ، مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| قاپاقباش | [q′ap′aq′vaʃ] |
| يىگىتبېشى | [jig′it′veʃi] |
| كۆكباش | [k′фk′vaʃ] |
| كاتتىباش | [k′t′t′ivaʃ] |
| بەش باش (پىياز) | [b′ɛʃvaʃ] |
| بىرباغ (چىڭسەي) | [birvaʁ] |
| ئاق باش | [aq′vaʃ] |
| بەلباغ | [b′ɛlvaʁ] |

7. پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [g′] بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە، «ك» تاۋۇشىدىن باشقا تىل تەركىبلىرى (بوغۇم ياكى قوشۇمچىلار) ئۇلانسا، تەلەپپۇزدا سىيرىلاڭغۇلىشىپ [ɣ] تاۋۇشغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| ئۆگزە | [фɣzɛ] |
| تۈگمەن | [t′yɣmɛn] |
| بەگلىك | [b′ɛɣlik′] |
| ئۈگرە | [yɣrɛ] |
| ئەگسە | [ɛɣsɛ] |
| تۈگمەك | [t′yɣmɛk′] |

لېكىن، بوغۇم ياكى سۆزبېشى بولۇپ كەلسە يەنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تىل تەركىبلىرى ئۇلانسا، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [ɣ] غا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

[ɛg′ —ip′]→[eg′ip]

[b′ɛg′ —im]→[b′egim]

[ɛg′i— ][ɛg—im]→[ɛg′ —im]

[ty′g′ —ɛ]→[t′ygɛ-]

ئەمدى، «ك» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا بولسا، [g′] تاۋۇشى [K′] تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

[t′yg′ +′kytʃɛ]→[t′y′kk′ytʃɛ]

[b′ɛg′ +k′ɛ]→[b′ɛk′k′ɛ].

8. پاتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش [dʒ] بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلسە، ئاجىزلىشىپ سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش [ʒ] غا ئۆزگىرىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| خەجلە - | [xɛʒlɛ—] |
| ئىجتىمائىي | [iʒt′imaji] |
| گەجگە | [g′ɛʒg′ɛ] |
| مەجبۇر | [mɛʒb′ur] |
| سەجدە | [sɛʒd′ɛ] |
| تاج | [t′aʒ] |
| كاج | [k′aʒ] |

لېكىن، بوغۇم ياكى سۆز بېشى بولۇپ كەلسە [ʒ] تاۋۇشغا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن، «جان»، «بېجى»، «تاجىم» دېگەندەك.

9. بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كېلىدىغان پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش [tʃ] تەلەپپۇزدا ئومۇمەن سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [ʃ] غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
| --- | --- |
| كۆچمەك | [k′ɸʃmɛk′] |
| ئىچمەك | [iʃmɛk′] |
| ئۈچتۇرپان | [yʃt′urp′an] |
| ئاچپاقا | [afp′aq′a] |
| ئاچلىق | [aʃliq′] |
| چاچ | [tʃaʃ] |

لېكىن، بۇ ئۆزۈك تاۋۇشمۇ بوغۇم ياكى سۆز بېشى بولۇپ كەلسە، [ʃ] تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن، «چېچى»، «قېچىپ»، «ئۈچە» دېگەندەك.

دېمەك، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېگەندە، ئاساسەن پارتلىغۇچى، جاراڭسىز تاۋۇش [q′] نىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز تاۋۇش [x] غا؛ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق تاۋۇش [ʁ] غا؛ پارتلىغۇچى، جاراڭسىز تاۋۇش [k′] نىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا سىرىلاڭغۇ، جاراڭلىق تاۋۇش [ɣ] غا، بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا سىرىلاڭغۇ، جاراڭسىز تاۋۇش [ç] غا؛ پارتلىغۇچى تاۋۇش [b′]، [p′] لارنىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا سىرىلاڭغۇ تاۋۇش [v] غا؛ پارتلىغۇچى تاۋۇش [g′] نىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا سىرىلاڭغۇ تاۋۇش [ɣ] غا؛ پارتلىغۇچى - سىرىلاڭغۇ تاۋۇش [dʒ] نىڭ سىرىلاڭغۇ تاۋۇش [ʒ] غا؛ پارتلىغۇچى - سىرىلاڭغۇ تاۋۇش [tʃ] نىڭ سىرىلاڭغۇ تاۋۇش [ʃ] غا ئاجىزلىشىشىغا قارىتىلىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ ھېچقايسىسى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ.

**تەھرىرى: كۈرەش مەھمۇتجان**

# نەشرىياتچىلىقتىكى «ئىككى ئۈنۈم»نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا

تۇرسۇن ئابدۇللا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، نەشىر بۇيۇملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇناسىۋىتى نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ زىددىيەت مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ...زۇلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى، باشقا ساھەلەرگە ...خشاشلا، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغىمۇ غايەت زور ...اياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ...اقىتتا، توغرا ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان بەزى ...ەمەلىي مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. نەشىر ...ۇيۇملىرىنىڭ ئىككى ئۈنۈمى (ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ...ىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى) ئوتتۇرىسىدىكى ...ۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ ...ىلىش مەسىلىسى مۇشۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر ...ىچىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ئىككى ...اقلىملىق خۇسۇسىيىتى ۋە «ئىككى ئۈنۈم»...نىڭ زىددىيەت مۇناسىۋىتى

ھەممىگە ئايانكى، نەشرىياتچىلىق ...ىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى دېگەندە، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ۋە نەشرىياتنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كېلىدىغان ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نەشرىيات ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلات — نەشىر بۇيۇملىرىنى ئۇنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات بولۇپ، ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ ۋاستىچىلىك رولىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل ماددىي مەھسۇلات بولۇپ، تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ھەمدە بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرىدۇ. نەشىر بۇيۇملىرى مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولۇپ، قىممەت قانۇنىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى بولۇشى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا پايدىلىق، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ ياخشى بولۇشىمۇ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن شەرت ـ

شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئىككى ئۈنۈم» بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ خىل ئۆزئارا تەسىر قىلىش، ئۆزئارا ئۆزگىرىش، ئۆزئارا تەقەززا قىلىش، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنىيىتى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى، بىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىرىگە سەل قارىماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

دۆلىتىمىز — سوتسىيالىستىك دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىزنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلىگەن، ئۇنىڭدىن سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى ۋە يۆنىلىشى شەكىللەنگەن. سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى خۇددى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن 1983 - يىل 6 - ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان «نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار» دا كۆرسىتىلگەندەك: «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق پەن - تېخنىكىنى ھەم مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت». بۇنىڭدىن، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى ئىكەنلىكىنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بولسا ئىككىنچى ئورۇندا، يەنى بېقىندىلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەرقانداق ماددا شەكلىدىكى نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى ئادەتتىكى ماددىي تاۋارلارغا ئوخشىمايدۇ. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىردەك بولماي قالىدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، بەلگىلىك قىممىتى ۋە ئۈنۈمى بولغان ياخشى نەشر بۇيۇملىرى كىتابخانلارنىڭ ئىدىيىسىدە، خىزمىتىدە، تۇرمۇشىدا، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر ناچار نەشر بۇيۇمى خەلقنى زەھەرلەيدۇ، جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ، ئۇ جەمئىيەتكە قانچىلىك كۆپ تارقالسا، ئۇنى سېتىۋالغانلار قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان زىيىنى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئادەتتىكى ماددىي تاۋارلار ئۆزىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پەقەت بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ چەكلىك ماددىي تەلىپىنىلا قاندۇرىدۇ، نەشر بۇيۇملىرى بولسا كەڭ ئىستېمالچىلار تەرىپىدىن تەكرار پايدىلىنىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە روھىي قىياپىتىگە ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەشر بۇيۇملىرى بىر خىل ئالاھىدە تاۋار بولۇپ، تاۋارلىق خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدە ئىجتىمائىي تەسىردىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ ھەم ماددىي مەھسۇلات سۈپىتىدە تاۋار ئوبوروتى ساھەسىگە كىرىپ، بەلگىلىك دەرىجىدە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدۇ، ھەم مەنىۋى مەھسۇلات سۈپىتىدە جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا «ئىككى ئۈنۈم» ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلگەندە ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى، ئاندىن قالسا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش لازىم.

## 2. «ئىككى ئۈنۈم»نىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنىڭ تەكشۈكسىزلىقى

سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىپ، «ئىككى ئۈنۈم»نىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. لېكىن ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا بۇ خىل تەلەپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئېشىشى ھەرگىزمۇ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس، ئۇ سۇبيېكتىپتىن ئوبيېكتىپقا ئۆتۈشتىكى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر.

بىرىنچى، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا نەشىر بۇيۇملىرىنىڭ ئۈنۈم ئەھۋالى ئومۇمەن مۇنداق تۆت خىل ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوخشاشلا ياخشى بولۇش. مەسىلەن، ئوبيېكتى كۆپ، كەڭ كىتابخانلار ئوڭاي چۈشىنەلەيدىغان ئاممىباب ئوقۇشلۇقلار، مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرى، چوڭلار مائارىپى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كونسۇلتاتسىيە ماتېرىياللىرى؛ ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى، ئەمما ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولماسلىق. مەسىلەن، كەسپىيلىكى كۈچلۈك، قاتلاملىقى بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر مەخسۇس ئەسەرلەر، پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەبىئىي پەنگە ئائىت ئوقۇشلۇقلىرى؛ ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، لېكىن ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناچار بولۇش. مەسىلەن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پەس ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ماس كېلىدىغان تېتىقسىز، شەھۋانىيلىق، شەھۋەتپەرەسلىكنى، قاتىللىق، زوراۋانلىقنى، فېئودال خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەر خىل نەشىر بۇيۇملىرى؛ تۆتىنچى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوخشاشلا ياخشى بولماسلىق. مەسىلەن، مەزمۇنى ئادەتتىكىچە، سۈپىتى ناچار، كىتابخانلار ياقتۇرمايدىغان بىر قىسىم نەشىر بۇيۇملىرى. سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىگە ئاساسەن، يۇقىرىقى تۆت خىل ئەھۋال ئىچىدە بىزنىڭ تاللايدىغىنىمىز پەقەت بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىلدىكى ئەھۋالدىنلا ئىبارەت. «ئىككى ئۈنۈم»نىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نۇرغۇنلىغان ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. «ئىككى ئۈنۈم»نىڭ زىددىيەت مۇناسىۋىتىنى تونۇش ۋە ئىگىلەش، بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈنۈمى ياخشى بولغان نەشىر قىلىش پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاددىي ھالدا تەسەۋۋۇرغا تايىنىپلا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ، ناھايىتى زور دەرىجىدە، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدىكى بىلىشى ۋە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىش دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق.

ئىككىنچى، نەشرىيات ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشى بىۋاستە، كونكرېت، رېئال بولىدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە بولغان تەسىرىمۇ بىۋاستە ۋە رېئال بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، رىقابەت مېخانىزمىنىڭ رولى ۋە مەنپەئەت شەكلىنىڭ بۆلۈنۈشى ئوبيېكتىپ ھالدا ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي

مەنپەئەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى كۈچەيتىدۇ. لېكىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىشمۇ يەنە ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋاقتىنى تېجەش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش لازىم. نۆۋەتتە، بىر قىسىم نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىغا ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشقا ماھىر بولماسلىقى سەۋەب بولماقتا. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بولسا بۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئىجتىمائىيلىقى كەڭ دائىرىلىك، ۋاستىلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە قاتلاملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىر تەرەپتىن، نەشر بۇيۇملىرى كەڭ كۆلەمدە تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىشلەتكەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى جارى بولۇپ، ئۈنۈمى گەۋدىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ پائالىيىتىگە بولغان تەسىرىمۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە گەۋدىلەنمەيدۇ. بىزدە، سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق مەزمۇنى ساغلام ۋە خىلمۇخىل، كۆپ قاتلاملىق نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە ماركسىزم - لېنىنىزمنى تارقىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش ۋە پەن - مەدەنىيەت بىلىمىنى تارقىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇشنى، قىسقىسى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇشۇنداق خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى بەلگىلىگەن. نەشر بۇيۇملىرى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات بولۇپ، پەقەت ئوبوروت قىلىنىش ئارقىلىقلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ، شۇڭا ئۇ تاۋار شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تاۋار شەكلىدە مەۋجۇت بولغانىكەن، مۇقەررەر ھالدا تاۋار ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىشى، قىممەت قانۇنىغا بويسۇنۇشى لازىم. مانا بۇنىڭدىن نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تەكىتلەشنى بەلگىلىگەن. نەشر بۇيۇملىرى ئادەتتىكى تاۋار بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ھەمىشە بىردەك بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئالاھىدە مەھسۇلات، يەنى مەنىۋى مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ «ئىككى ئۈنۈمى» ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا زىتلىق ياكى بىر - بىرىنى چەتكە قېقىشتەك ئەھۋاللارمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ ئادەتتىكى تاۋار بولغانلىقتىن، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە ماددىي مەنپەئەتنى تەكىتلەش زۆرۈر. ئەمما ئۇ يەنە مەنىۋى مەھسۇلات بولغانلىقتىن، ئۇنى تامامەن ماددىي ئۆلچەم بويىچە ئۆلچەشكە بولمايدۇ.

نەشرىياتلاردا ئىسلاھات يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتى بىلەن باغلاپ قويۇلدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياخشى بولغاندا، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشەلىدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياخشى بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىقتىسادىي ئۇنۇم كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت. ئىجتىمائىي ئۇنۇم بولسا، ئابستراكت نەرسە بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە قارىتىلغان. ئۇ شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىقى يوق، يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەت. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، شەخسىي مەنپەئەت، كوللېكتىپ مەنپەئىتى، سوتسىيالىزمنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتى ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى بىر تەرەپ قىلىنغاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تېخى يۇقىرى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، كىشىلەر دائىم شەخسىي مەنپەئەت، كوللېكتىپ مەنپەئىتى ۋە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ، مانا بۇ «ئىككى ئۇنۇم» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە چەتكە قېقىش ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر.

قىسقىسى، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى ئۇنۇم» نىڭ ئەڭ ياخشى بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، بۇ بىر پۈتۈن ماھىيەتلىك تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەمەلىي خىزمەتتە بۇ ماھىيەتلىك تەلەپنى ئورۇنداش قىيىن، ئۇ نۇرغۇن ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ھەم كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى، بىلىش ئىقتىدارى، ھۆكۈم قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىپادىسى غايىۋى تەلەپ بىلەن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ تەكشۈكسىزلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بەزىدە بىز ياكى بازار ئىگىلىكىنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىۋالىمىز، ياكى بىزنىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك تەلەپلىرى، بولۇپمۇ «ئىككى ئۇنۇم» نىڭ ئۆلچىمىنى ئىگىلەشكە بولغان تونۇشىمىز قاتمال بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىم ئۆزىمىزچە ئۇنۇمنى ياخشى بولىدۇ دەپ قارىغان، ئەمەلىيەت بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، يەنە بەزىدە بىزنىڭ بىلىشىمىز «ئىككى ئۇنۇم» نىڭ پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن پۇرسەت، شەرت - شارائىت قاتارلىق ئامىللارنى ئىگىلەشكە بولغان سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن، كۈتكىنىمىزدەك ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. دېمەك، ئوبيېكتىپ جەھەتتە «ئىككى ئۇنۇم» نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس.

ئىجتىمائىي ئۇنۇم بىلەن ئىقتىسادىي ئۇنۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت — قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئۆزئارا ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. پەقەت مۇشۇ قانۇنىيەتنى پۇختا ئىگىلەپ، قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرگەندە، ئاندىن «ئىككى ئۇنۇم» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

### 3. ئەمەلىيەت جەريانىدا «ئىككى ئۇنۇم»نىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش

نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئىجتىمائىي ئۇنۇم

بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ زىددىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىش ئارقىلىق ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ. بۇ خىل زىددىيەت ھەرىكىتى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدىكى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەت، رېئال مەنپەئەت بىلەن تۈپ مەنپەئەت، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن بىر پۈتۈن مەنپەئەت، تارماقلارنىڭ مەنپەئىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدىكى «ئىككى ئۈنۈم» نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتۇشقا دىققەت قىلىش، سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى بويىچە، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ماھىيەتلىك تەلەپكە زىت كېلىدىغان تەرەپلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈگىتىپ، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ تۈپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

«ئىككى ئۈنۈم» نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوللېكتىپچىلىقنى، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت، ئۇلۇغۋار غايىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى مەدھىيىلەيدىغان نەشر بۇيۇملىرىنى زور كۈچ بىلەن نەشر قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئەلا سۈپەتلىك، مول مەزمۇنلۇق پەن - تېخنىكا، ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە ئاممىباب ئوقۇشلۇقلارنى كۆپلەپ نەشر قىلىپ، جەمئىيەت ۋە خەلقنى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش لازىم. مانا بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەقەززاسى.

ئىككىنچى، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە كەم بولسا بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەلىپى ۋە نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى نەشرىياتچىلىق تۈزۈلمىسىنى تىرىشىپ ئورنىتىپ، «ئىككى ئۈنۈم» نىڭ پايدىلىق بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بىر قىسىم ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، نادىر ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش فوندىنى تەسىس قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى، ئەمما ئىقتىسادىي

ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقتىن نەشىر قىلىنىشى توسالغۇغا ئۇچراۋاتقان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا ياردەم بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىققا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك مەشغۇلاتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈپ، بارلىق ئىلغار، ئېسىل مەدەنىيەت مېۋىلىرىنىڭ ئەركىن نەشىر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان نەشىر بۇيۇملىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشىنى چەكلەش لازىم.

ئۈچىنچى، نەشىر بۇيۇملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، نەشىر بۇيۇملىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىمۇ مۇناسىپ هالدا تەكىتلەش لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش هەرگىزمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كېرەك قىلماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاهاتنىڭ مەقسىتى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىش ئاساس قىلىنغان پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئاساس قىلىنغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە تۈپ ئاساسىدىن بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكى، ئەمەلىيەتتە، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىگىلىكى بولغانلىقى، بازار ئىگىلىكى مۇناسىۋىتى، ئەمەلىيەتتە تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، نەشرىيات ئورۇنلىرى ئىشلەپچىقارغان تاۋارلار — نەشىر بۇيۇملىرى بازارغا سېلىنىپ، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرىمۇ بۇ ئىقتىسادىي قىممەتكە تايىنىپ ئۆز - ئۆزىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، روناق تاپقۇزىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە سەل قارالسا، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان تاۋارلىرى بازار تاپالماي بېسىلىپ قېلىپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى راۋاج تاپالماي، ئاخىرىدا خانىۋەيران بولۇشتەك يامان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئىككى تۈگۈنى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم يېتەكچى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم جان تومۇر هېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىدىن هەرگىز تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن تەۋرەنمىگەندىلا، ئاندىن نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى پارتىيىنىڭ توغرا نەشرىياتچىلىق فاڭجېنى ۋە سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق يۆنىلىشىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ.

تەھرىرى: كۆرەش مەھمۇتجان

# ئىنگلىز تىلىدىكى Would نىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىنىشى

ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىنگلىز تىلىدىكى Would نىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىنىشى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت ۋە گراماتىكىلىق شەكىللەرگە ئىگە. Would بولسا ئىنگلىز تىلىدا دائىم ئۇچرايدىغان ياردەمچى سۆز بولۇپ ئوخشىمىغان زامان ۋە ئوخشىمىغان شەكىللەردە كېلىپ ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىلىق كاتېگورىيە ۋە كونكرېت ئىپادىلىنىش جەھەتتە ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان بولغاچقا ئىنگلىز تىلىدا Wuold ئىشلىتىلگەن جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

## 1. Would نىڭ ھازىرقى زاماندىكى قوللىنىلىشى

### 1، Would بەزىدە Will نىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

would ھازىرقى زاماندا will نىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەندە كەلگۈسى ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە would نىڭ مەنىسى will غا ئوخشاش بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدا كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايى قوشۇمچىسى «ماقچى/مەكچى» ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

(1) I would (will) talk with Ahmet about it

مەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئەخمەت بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن.

مەقسەت پېئىلى ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى

(2) He would (will) make a speech at the meeting

ئۇ بۇ يىغىندا سۆزلىمەكچى.

### 2، Would like شەكلىدە ھازىرقى زاماندا ئىشلىتىلىپ wish ۋە want قا ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق جۈملىلەر «غۇ»لىق ئىسمداشقا «بار، يوق» سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى «ئا»لىق رەۋىشداش ئېنىق كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىنىڭ Ⅲ شەخس قوشۇمچىسى «دۇ» نىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

(1) I would like to go abroad.

مېنىڭ چەت ئەلگە چىققۇم بار.

(2) Tursun will do his home work tomorrow.

تۇرسۇن تاپشۇرۇقىنى ئەتە ئىشلەيدۇ.

## 2. Would نىڭ ئۆتكەن زاماندىكى قوللىنىلىشى

### 1، Would نىڭ ئاددىي ئۆتكەن زاماندىكى قوللىنىلىشى

بۇ would زاماندا قوللىنىلغاندا ئۆتكەن زاماندا ئىزچىل تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ياكى ئادەتكە ئايلانغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى (بۇ شەكىل ئەسلى «ئار»لىق سۈپەتداشلارغا ياردەمچى پېئىل «ئەر» نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى «ئەردى» نىڭ قوشۇلۇشى ئاندىن شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان. لېكىن بۇ شەكىل تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئەسلىنى يوقاتقان). ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

I would go to the library every evening.

مەن ھەر كۈنى كەچتە كۈتۈپخانىغا باراتتىم (بارار ئىدىم).

### 2، Would نىڭ ئىزچىل ئۆتكەن زاماندىكى قوللىنىلىشى

بۇ would زاماندا قوللىنىلغاندا ئۆتكەن زاماندىكى مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا بۇيرۇق - تەلەپ رايى قوشۇمچىسى «غاي/قاي/گەي/كەي» بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا «ئىدى» ياردەمچى پېئىلى ئاندىن شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

He would be sleeping when you went to his home.

سىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇ ئۇخلاۋاتقان بولغىدى.

### 3، Would نىڭ ئۆتكەن پۈتكەن زاماندىكى قوللىنىلىشى

بۇ زاماندا قوللىنىلغاندا would ئۆتكەن زاماندىكى مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە تاماملىنىدىغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا كېلىدىغان زامان سۈپەتداشلىرىغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىق» نىڭ قوشۇلۇشى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسىملارغا خاس تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

Murat told me that he would have finished it by six oclock

مۇرات ماڭا سائەت 6 دىن بۇرۇن ئىشنى تۈگىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## 3. Would نىڭ پەرەز شەرتلىك جۈملىلەردىكى قوللىنىلىشى

بۇ خىل شەكىلدە ئىشلىتىلگەندە would سۆزلىگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇ - خاھىشىنى بىلدۈرۈپ ئەمەلگە ئاشمىغان ياكى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل پەرەز - شەرتلىك جۈملىلەر ئىككى خىل بولىدۇ.

### 1، ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى

| باش جۈملە | بېقىندى جۈملە |
| --- | --- |
| would + v(پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى) | ئۆتكەن زامان شەكلى |

بۇنداق پەرەز جۈملىلەر شەكىل جەھەتتىن ئاددىي ئۆتكەن زاماندا ئىپادىلەنسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن هازىرقى ۋە كەلگۈسى زامانديكى ئىش ـ ھەرىكەتنى ۋە ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

(1) I would certainly go if I had time.

ئەگەر ۋاقتىم بولسا چوقۇم باراتتىم (بارار ئىدىم).

(2) If she knew french, she would read it in the original.

ئەگەر ئۇ فرانسۇزچە بىلگەن بولسا، ئۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇيتتى. (ئوقار ئىدى)

### 2، پۈتكەن ئۆتكەن زامان شەكلى

| باش جۈملە | بېقىندى جۈملە |
| --- | --- |
| ئۆتكەن زامان تارماق<br>would have + v | ئۆتكەن زامان تارماق<br>had + v |

بۇ خىل شەكىلدىكى جۈملىلەر ئۆتكەن زامانديكى ھەرىكەت ۋە ھالەت توغرىسىدىكى پەرەز ـ قىياسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

(1) Anwar would have come if he had not been so busy.

ئەنۋەر بەك ئالدىراش بولمىغان بولسا كەلگەن بولاتتى.

(2) If I had started a little earlier I would hawe caught the train.

ئەگەر بالدۇرراق يولغا چىققان بولسام پويىزغا ئۈلگىرەلىگەن بولاتتىم.

## 4. Would نىڭ كۆچۈرمە تەركىبىنى ئۆزلەشتۈرمە تەركىبكە ئايلاندۇرغاندا قوللىنىلىشى

ئىنگلىز تىلىدا مۇئەييەن شارائىتتا سۆزلىگۈچىنىڭ پىكىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمىگەن شەرت ئاستىدا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق شارائىتتا جۈملىدە would ئىشلىتىلىدۇ.

1، ئەگەر كۆچۈرمە تەركىب هازىرقى زاماندا بولسا ئۇنى ئۆزلەشتۈرمە تەركىبكە ئايلاندۇرغاندا هازىرقى زامان ئۆتكەن زامانغا ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا كېلىدىغان زامان سۈپەتداشلىرىغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىق» نىڭ قوشۇلۇشى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسىملارغا خاس تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ite said: "If I catch the plane, I' ll be home by seven".

He said he would be home by seven if he caught the plane.

ئۇ ئەگەر ئايرۇپىلانغا ئۈلگۈرەلىگەن بولسا، سائەت 7 دىن بۇرۇن ئۆيىگە كېلىپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

2، ئەگەر كۆچۈرمە جۈملە ئۆتكەن زاماندا بولسا ئۆزلەشتۈرمە تەركىبكە ئايلاندۇرغاندا زاماندا

ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا يەنىلا يۇقىرىقى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

He said: "If I was free, I would go there".

He said that he would go there if he was free.

ئۇ بوش ۋاقتى بولسا ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

3، IF بىلەن باشلانغان شەرتلىك بېقىندى جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە تەركىبكە ئايلاندۇرغاندا زاماندا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا «ش»لىق ئىسىمداش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

Abliz asked: "If the door is locked, what shall I do?"

Abliz asked whad would he do if the door was locked.

ئابلىز ئىشىك تاقاق بولۇپ قالسا قانداق قىلىشىنى سورىدى.

## 5. Would نىڭ باشقا شەكىلدىكى قوللىنىشى

**1، Wish + S + Would شەكلى**

بۇ خىل جۈملىلەردە Would قوللىنىلغاندا ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ سۆزلىگۈچىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ خاھىشتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ كونكرېت ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئۆكۈنۈش ۋە ئەپسۇسلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا شەرت رايى قوشۇمچىسى «سا/سە» بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا «چۇ» يۈكلىمىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

I wish she would write to me more often

ئۇ ماڭا دائىم خەت يېزىپ تۇرسىچۇ!

**If only + Would شەكلى**

بۇ خىل شەكىلدە كەلگەندە would مەلۇم ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدىكى خورسىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىشنى بىلدۈرىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا شەرت رايى قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا ياردەمچى پېئىل «بول» نىڭ ئۆتكەن زامان ھېكايە خەۋەر رايىنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلى (بولۇپ تۇر-ئىكەن) نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

If only he would driwe more slowly.

ئۇ ماشىنىنى ئاستىراق ھەيدىسە بوپتىكەن.

**3، Would نىڭ Unless بىلەن باشلانغان شەرتلىك بېقىندى جۈملىدە قوللىنىلىشى**

بۇنداق جۈملىدە قوللىنىلغاندا would مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا بولغان شەرتىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا شەرت رايى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا «لا» ئۇلانمىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

We would go unless it rains tomorow.

ئەتە يامغۇر ياغمىسىلا بارىمىز.

**4، Would مەقسەت بېقىندى جۈملىدە**

قوللىنىشى

would بۇ خىل شەكىلدىكى مەقسەت بىقىندى جۈملىدە كېلىپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىدىكى مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل جۈملىلەر «ش»لىق ئىسمداشقا «ئۈچۈن» تىركەلمىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

He spoke loudly and clearly so that everyone would be able to understand him.

باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئۈنلۈك ھەم ئېنىق سۆزلىدى.

### 5، Would + Otherwise شەكلى

If sth بۇ خىل شەكىلدە كەلگەندە would شەكلىنىڭ (doesn' t, hadn' t, didn' t) happen ئورنىغا كېلىپ مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا «ئار»لىق سۇپەتداشلارغا «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

I used my calculator otherwise I would have taken much longer.

مەن ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئىشلەتتىم، بولمىسا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلاركەنمەن.

### پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. <A Practcal English Grammar>. A. j. Thomson A. V. Martinent
2. <Longman English Grammae>. L. G. Alexander
3. <Practical English Usage> Michael Swan
4. 张道真. 实用英语语法
5. 王高生. 简明英语语法
6. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» . (خەمىت تۆمۈر)
7. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى
8. تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (3) . مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى


تەھرىرى: كۈرەش مەھمۇتجان

# ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىدىكى ئورنى توغرىسىدا

گۈلزەپەر مۇھەممەد

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

تەلىم - تەربىيە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا ئەبەدىيلىك پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەربىيە ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسى ئىپتىدائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، كېيىنكى ئىككى تەربىيە ئۈچۈن ئاساس سېلىش رولىنى ئوينايدۇ، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن جەمئىيەت تەربىيىسى بولسا، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئائىلە — ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش ئورتاقلىقىدىن تەشكىل تاپقان ئىجتىمائىي بىرلىك، شۇنداقلا ئۇ يەنە ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي مۇھىت. ئادەمنىڭ پەزىلىتى، مىجەز - خاراكتېرى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ بۆشۈكتە يېتىلىدۇ، شۇڭا ئىنسان پەزىلىتىنىڭ يېتىلىش بۆشۈكى بولغان ئائىلە مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، ئائىلە ئەزالىرىدىن تەركىب تېپىشى لازىم.

ئائىلە تەربىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇ ئىپتىدائىي مائارىپنىڭ ئاساسى، ئىنسان ھاياتىدىكى تۇنجى دەرسخانا. بۇ دەرسخانا تەربىيىسى كوللېكتىۋىزملىق روھ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات، مىللەتپەرۋەرلىك ئاڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇشى، ئاتا - ئانا بولغۇچى سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشى كېرەك، چۈنكى بالىلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ساپ دىل، خۇش مۇئامىلىلىك بولۇپ يېتىلىشى ئائىلە تەربىيىسىگە باغلىق.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئادىتىدە بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، مەسئۇل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەت ساقلانغان بولۇپ، بالىلارنى ياخشى خۇلقلۇق، بىلىملىك، ئەدەب - قائىدىلىك قىلىپ تەربىيىلەش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى دەپ قارىلىدۇ.

بۇ توغرىدا ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ

نۇرغۇن دانا ھېكمەتلىك بايانلىرى بار. XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تە پەرزەنتنى قانداق تەربىيىلەش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن:

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزەڭلا بول.
4505 ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنىگە قىلىپ،
ئوغۇل ـ قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

بۇ يەردە ئالىم بالىلار ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى تەربىيىچىنىڭ ئاتا ـ ئانا ئىكەنلىكىنى، بالىلارنى بېجىرىم، ساغلام ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى بىلىملىك، يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەسە، بالىلارنى مەڭگۈلۈك بەختكە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن بولسا،

1223 كىمىنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغۇل ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.
1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغۇلغا كۆپ،
بولۇر ئۇ ئوغۇلنىڭ خۇي ـ پەيلى خوپ.
1224 كىچىك چاغدا ئوغۇلنى قويسا ياۋا،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق ئاتاغا جاپا.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، بالىلارنى ئەركە ئۆگىتىپ قويۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنىڭ يامانلىقىنى، كۆيۈنۈش بىلەن چىڭ تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، بالىنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلەش لازىملىقىنى، ئەكسىچە بولغاندا، ئاتا بالا ھەر ئىككىسى ئۆمۈر بويى رىيازەت چېكىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئالىم يەنە:

1486 ئوغۇل ـ قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى تۈزەلسە يەنە.
1225 ئوغۇل قىز خۇيى ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق بالىلارغا يامان خۇلق، يامان مىجەزنىڭ ئاتا ـ ئانىدىن يۇقىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە،

1226 قىسىپ تۇتسا ئوغۇلنى ئاتا ئۆگىتىپ،
ئوغۇل ـ قىز سۆيىنەر چوڭايسا تولۇپ.
1227 ئوغۇلنى قىسىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۈلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.
1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۆزگىن كۆڭۈل.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئوغۇل بالىنى تەربىيىلەشتە قاتتىق قول بولۇپ، ئۇلارنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلىسە، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن خوش بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئائىلە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بىرىنچى ئىجتىمائىي مۇھىت ھېسابلىنىدۇ، ئائىلە تەربىيىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى، بىلىم ئېلىشى، مىجەز خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ پۈتۈن جەمئىيەت ۋە ھەر بىر ئەدەمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە دۇنيادىكى داڭلىق ئالىملارمۇ ناھايىتى دانا ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى گوركى «بالىسىغا كۆيۈنۈشنى مېكىيانمۇ بىلىدۇ، بىراق بالىلارنى ماھىرلىق بىلەن تەربىيىلەش لازىم. مانا بۇ دۆلەتنىڭ چوڭ بىر ئىشى، بۇ پاراسەت ۋە مول تۇرمۇش بىلىملىرىنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بىتخوۋىن «بالاڭلارنى ئاساسلىقى

ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەڭلار، ئادەم پۇل بىلەن ئەمەس، پەقەت ئەخلاق بىلەنلا بەختلىك بولالايدۇ، بۇ مېنىڭ تەجرىبەم» دەپ كۆرسەتكەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپچىسى كروپسكايا (لېنىننىڭ رەپىقىسى): «ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئائىلە تەربىيىسى ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك» دېگەن.

مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، روھىي ھالىتىنى يېڭىلاپ، دۇنياۋى مەدەنىيەت يۈكسەكلىكىگە يېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال شەخسىيەتچىل، چاكىنا ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، مۇكەممەللەشكەن ئائىلە تەربىيىسى ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە مەكتەپنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشىمىز كېرەك.

ھازىر ياشلار ئارىسىدىكى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك يامان ئىللەتلەر كىشىنى قاتتىق ئەنسىرىتىدۇ ھەم ئەندىشىگە سالىدۇ، بۇ خىل يامان ئادەتلەرنى قارىغۇلارچە پۇلغا بېرىلىشتىن، چەت ئەلنىڭ چاكىنا ئادەتلىرىنى قارىغۇلارچە دوراشتىن كېلىپ چىققان دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇنى يەنىلا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىچكى ئامىلدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا قارىتا پەقەت بېقىش مەجبۇرىيىتىنىلا ئادا قىلىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىگە سەل قارايدۇ، ھەتتا تەربىيىلەش مەكتەپنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرى يولدىن چىقىپ يارىماس ئادەم بولۇپ قالسا ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى مەكتەپتىن، جەمئىيەتتىن كۆرىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئېغىر مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۆز پەرزەنتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرمەيلا بالىسىغا، مەنمۇ سېنى ئاش-نان بېرىپ باققان، نېمىشقا بوزەك بولىسەن؟ سەنمۇ ئۇر، سەنمۇ تىللا، دەپ تەربىيە قىلىدۇ، بۇنداق سەلبىي تەربىيە بالىدا قىساس ئېلىش ئىدىيىسىنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ يېڭى نەرسىلەرگە قىزىقىش ۋە ئۇلارنى بىلىۋېلىش ئىستىكى بىلەن سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتىپ «كوتۇلدىما»، «ئۇقمايمەن» دەپ قوپال تېگىدۇ ياكى «شۇنداق» دېگەندەك مۇجمەل جاۋابلارنى بېرىپ، بالىلارنى سوراپ بىلىش ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئەخلاقلىق، غايىلىك بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ. بالىلىرى ئالدىدا غەيۋەت-شىكايەت قىلىدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ، بۇ ھال بالىلارنى پىتنە-پاساتچى، ئالدامچى قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. بەزىلەر بالىلىرىنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا قاندۇرمايدۇ، پەقەت يىغلاپ، خۇيلىنىپ ئولتۇرۇۋالغاندا، ھەتتا تىل سېلىشقا باشلىغاندا، ئاندىن ئۇلارنى بەزلەيدۇ ياكى تەلىپىنى قاندۇرىدۇ، بۇ ھال بالىلاردا كۆكەملىك، ھەمبەنچىلىك ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ.

بەزى ئائىلىلەردە ئاتا بىلەن ئانىنىڭ تەربىيىسى بىردەك بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆگىدىن چىقسا، بىرى سولدىن چىقىدۇ، بۇ ھال بالىلاردا پۇرسەتپەرەسلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ.

كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئۆز پەرزەنتىمىزگە نىسبەتەن ھەددىدىن ئارتۇق ئامراقلىق قىلىش،

ئەركە ئۆگىتىپ قويۇش، چاپان يېپىش، ئالداش، مەسخىرە قىلىش، ئەيىبلەش، ئۆزمەيلىگە قويۇپ بېرىش قاتارلىق نامۇۋاپىق تەربىيە ئۇسۇللىرى ساقلانماقتا. مانا بۇ خىل خاتا تەربىيە ئۇسۇللىرى بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا قاراپ مېڭىشىغا سەۋەب بولىدۇ، شۇڭا بالىلارغا نىسبەتەن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تەربىيىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم.

فرانسىيىنىڭ مائارىپچىسى رۇسسو، «قانداق چارە بالىڭىزنى چوقۇم بەختسىز ئادەم قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇ چارە بالا ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەر دېسىمۇ ماقۇل دېيىشتۇر» دېگەنىدى. ئائىلىق مېھىر ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى، بىراق ئائىلىق مېھىرنى تەربىيىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويماسلىق لازىم، ئەڭ ياخشىسى ئائىلىق مېھىر بىلەن بالا تەربىيىلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

بىزدە «كالتەك ئاستىدىن ۋاپادار ئوغۇل چىقىدۇ»، «ئوقۇتقۇچى زالىم بولسا، ئوقۇغۇچى ئالىم بولىدۇ» دەيدىغان تەمسىللەر بار. بۇنىڭدىن كىمكى بالىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويسا، ئۇنىڭغا بولغان تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىسا، بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇپ، ئاتا - ئانا مېھرىدىن ھەقىقىي سۆيۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئادەتتە دىققەت ئېتىبارىمىزدىن ساقىت بولۇپ كېلىۋاتقان ئائىلە تەربىيىسى ھازىرقى مائارىپ ئىسلاھاتىدا ئىزدىنىدىغان ۋە جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ھازىرقى بالىلار XXI ئەسىرنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنى، بالىلارنىڭ ساپاسى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ياخشى ئىشلەنمىسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بالىلارغا ئۆمۈرلۈك پۇشايمان، ئاتا - ئانىلارغا تۈگىمەس دەرت - ئەلەم، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتكە كۆتۈرگۈسىز ئېغىر يۈك بولىدۇ، خالاس. شۇڭا ھەر بىر ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىمىزنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، ئائىلە تەربىيىسىنى مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان ئاساستا چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەت ۋە بالىلار ئالدىدا ئاتا - ئانىلىق بۇرچىمىزنى تولۇق ئادا قىلغان بولىمىز.

**تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەدھاجى**

# ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتى توغرىسىدا

دىلبەر ناسىر

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشكە كۆرسىتىدىغان ئالاھىدە تەسىرى بىر قانچە نۇقتىدىن بايان قىلىنىدۇ.

بىر سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ سىياسىي - ئىدىيە ئىپادىسى، ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، تەشكىلىي كۆز قاراش ۋە ئىنتىزامنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى، ئۆگىنىش كەيپىياتى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرى بولۇش - بولماسلىقى سىنىپ مەسئۇلىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭى، باشقۇرۇش، تەشكىللەش ئىقتىدارى، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە ئىستىلىغا باغلىق. شۇڭا، سىنىپ مەسئۇلىنىڭ خىزمىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردىكى سىنىپ مەسئۇللىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسىنى ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم قوشۇندۇر. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىرى ئىدىيە - ئەخلاق خىزمىتىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، سىنىپ مەسئۇلى خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى خىزمەت كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، ئىجابىي، سەلبىي جەھەتلەردىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

## 1. سىنىپ مەسئۇللىرىنىڭ ساپاسى

1) سىياسىي ساپاسى

سىياسىي ساپا — مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. سىياسىي ساپا سىنىپ مەسئۇلىنى تاللاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھەمدە سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق شەرتلەرنىڭ بىرى. سىنىپ مەسئۇللىرى سىياسىي جەھەتتە تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، تەدرىجىي ھالدا پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنى تىكلىشى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىشى كېرەك.

(2) ئالىي جاناب، ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك.

(3) كەسپچان ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇشى كېرەك.

(4) توغرا ئىدىيە ۋە ئىستىلى بولۇشى كېرەك.

(5) توغرا خىزمەت ئىستىلى بولۇشى كېرەك.

(6) ياخشى تۇرمۇش ئىستىلى بولۇشى كېرەك.

2) بىلىم ساپاسى

بىلىم ساپاسى — ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. شۇڭا سىنىپ مەسئۇلى بىلىم جەھەتتە تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

(1) سىياسىي جەھەتتە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى بىلىشى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ قانۇنىدىكى كونكرېت ماددىلارنى، مائارىپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى پەرمان، نىزام، بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەرنى ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

(2) ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت، پسىخولوگىيە ئىلمى، تەشكىللەش ئىلمى، پائالىيەت ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

3) مەنىۋى ساپاسى

سىنىپ مەسئۇلىنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى كەسىپتە نەتىجە قازىنىشتا تېخىمۇ مۇھىم شەرت. شۇڭا ئۇ سىنىپ مەسئۇلىنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىدە ھازىرلىسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك سىنىپ مەسئۇلى مەنىۋى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

(1) رىقابەتلىشىش ئېڭىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(2) ئىسلاھ قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(3) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

4) ئىقتىدار جەھەتتىكى ساپاسى

ئىقتىدار جەھەتتىكى ساپا سىنىپ مەسئۇلىغا نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم. ئۇ سىنىپ مەسئۇلىنىڭ خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئىقتىدار جەھەتتىكى ساپاسى باشقا جەھەتلەردىكى ساپالارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە كونكرېت گەۋدىلىنىشى بولۇپ، سىنىپ مەسئۇلى ھازىرلىمىسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ساپا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سىنىپ مەسئۇللىرى بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئانالىز قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(2) تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(3) قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(4) ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ماھىرلىق بىلەن سىنىپنىڭ ھەيئەتلىكىگە قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(5) باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك.

2. سىنىپ مەسئۇللىرىنىڭ خىزمىتى

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سىنىپ كوللېكتىپىنى ياخشى باشقۇرۇشتا، سىنىپ مەسئۇلى ئۆزىدە يۇقىرىقى تۆت ساپانى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە مول باشقۇرۇش سەنئىتىگىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم. سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىشى سىنىپ مەسئۇلىنىڭ خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى سىنىپ مەسئۇلى بولغۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشتىكى قاراتمىلىق پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىدىغان ياكى ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك

قىلىپ، كۆزلىگەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سىنىپ مەسئۇلى باشقۇرۇش جەريانىدا، سىنىپ كادىرلىرىنىڭ ئىتتىپاقلاشماسلىقى، سىنىپ كادىرلىرىنى مۇۋاپىق بېكىتمەسلىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرمۈشىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئادىل بولماسلىق، ئوقۇغۇچىلارنى قالايمىقان تەنقىدلەش، لەۋزىدە تۇرماسلىق، قارارلارنى خالىغانچە چىقىرىش، مۇھىم، چوڭ ئىشلارنى تۇتماسلىق، ئۆز ئابرويىنى ساقلىماسلىق قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

## 3. سىنىپ مەسئۇللىرى سىنىپ ھەيئەتلىرىنى مۇۋاپىق تاللاپ تاللىشى كېرەك

سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلىرىدە نەتىجە قازىنىشى ياكى قازىنالماسلىقى سىنىپ كادىرلىرىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. سىنىپ كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ياكى قىلدۇرالماسلىق بولسا سىنىپ مەسئۇلىغا باغلىق. سىنىپ مەسئۇلىنىڭ سىنىپ كادىرلىرىنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش - بولماسلىقى تېخىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە. شۇڭا سىنىپ خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدا سىنىپ كادىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە، مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

سىنىپ مەسئۇللىرى ئۆز سەۋىيىسى ۋە ماھارىتى، سىياسىي ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشى كېرەك، بۇ سىنىپ مەسئۇلى سىنىپ كادىرلىرىنى ئىشلىتىش جەريانىدا ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ. سىنىپ مەسئۇللىرى سىنىپ كادىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، قابىلىيىتى، ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك.

سىنىپ كادىرلىرىنىڭ تەيىنلەشتە، ئۇلارغا قويۇلىدىغان شەرت، تاپشۇرۇلىدىغان ۋەزىپە ئېنىق بولۇشى، ئوخشاش بولمىغان نىشان، ئوخشاش بولمىغان ۋەزىپە ئاساسىدا، سىنىپ خىزمىتىنى ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇغۇچىلار ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ھەرقايسى سىنىپ كادىرلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## 4. ئوقۇتۇش بىلەن تەربىيىلەش تەڭ ئېلىپ بېرىلىشى لازىم

رەھبەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيىدىغان، مەلۇم بىلىم ئىقتىدارىغا ۋە بەلگىلىك تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە، سىياسىي، ئەخلاق ساپاسى نىسبەتەن ياخشى بولغان ياش ئوقۇتقۇچىلارنى سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتىگە قويۇشى كېرەك. سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئىشى يالغۇز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىپ - كېتىشىنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەنلا پۈتمەيدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم بىر ۋاسىتە. شۇڭا، سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتى ئەمەلىيەتتە ئوقۇتۇش بىلەن تەربىيىلەش تەڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە، تەلەپچان بولۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تەلەپچان بولۇش دېگىنىمىز مەكتەپ قائىدە- تۈزۈملىرىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق رىئايە قىلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىش دېگەنلىك. بىراق سىنىپ مەسئۇللىرى ئالدى بىلەن ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئېغىزدىلا ئەمەس، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەربىيىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك، تەلەپچان بولۇش، ئەمەلىيەتتە، كۆيۈنگەنلىك. بىراق تەلەپچانلىقمۇ كۆيۈنۈش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك، ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈپ ئىشلەش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا

ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ يېقىن سىرداشلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، تەلەپچان بولۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېقىن سىرداشلىرىدىن بولۇش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى خاتا بولسىمۇ يول قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭغا ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرماسلىق، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك.

### 5. خىزمەتتە ئىنچىكە بولۇش بىلەن جانلىق بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم

سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتى — ئىنچىكە بولۇش بىلەن بىرگە جانلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئالدى بىلەن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەش، دەرس ۋاقتى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش لازىم. زۆرۈر تېپىلغاندا، مەزكۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا يېقىندىن ياردەمدە بولۇش كېرەك. سىنىپ مەسئۇللىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە قايىل قىلىشى، ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئوخشىمىغان مىجەزلىك ئوغۇل، قىز ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش لازىم. يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭىچە خىزمەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش، بىلىمگە ئىنتىلىش، گۈزەللىككە ئىنتىلىشتەك تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش كېرەك.

مەكتەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بەزىلىرىنى ئاشكارا، بەزىلىرىنى ئايرىم بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، خىزمەتتە ئىنچىكە بولۇش بىلەن جانلىق بولۇشنى زىچ بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

### 6. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم

سىنىپ مەسئۇللىرى سىنىپ كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەترابلىق چۈشىنىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك ياردەم بېرىش شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىش لازىم. ئوقۇغۇچىلاردا كوللېكتىپچىلىق روھىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، ئوقۇغان كەسپى ئاساسىدا جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدىغان قىلغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىنىپ كوللېكتىپىدا ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشقان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ.

**تەھرىرى: كۈرەش مەھمۇتجان**

# ئەپسانە، رىۋايەتلەرنىڭ قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخى ئوقۇتۇشىدىكى رولى ھەققىدە

مەريەم توختى

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخى ئوقۇتۇشىدا، ئەپسانە، رىۋايەتلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشنىڭ دەرسنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە بولغان رولى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تارىخ دەرسى ئۆتۈش بىر خىل مۇرەككەپ ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، بۇ خىزمەت ئوقۇتقۇچىدىن مول تارىخىي بىلىم ۋە مەلۇم نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە بولۇشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەدەبىي ژانىرلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، تارىخ — ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەيدىغان پەن. شۇنداق بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلىگەندە، بەدىئىي ئوبرازلار ۋە جانلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىشى كېرەك.

دۇنيا تارىخىنىڭ قەدىمكى زامان قىسمى بىلەن ھازىرقى زامان قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق تولىمۇ ئۇزۇن. شۇڭا، بۇ دەرس ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكىشلىك ھېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قانداق قوزغاش كېرەك؟ بۇ ھەرگىز سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس. قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخى ئوقۇغۇچىلارغا بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈلىدىغان دەرس، بۇ دەرسنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەزكۇر دەرسنىڭ مىقدارى زور، ئۆتۈلىدىغان ۋاقتى ئاز بولىدۇ، يەنى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تاكى قەدىمكى يۇنان، رىم ۋە ھىندىستانغىچە بولغان قىسمى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەزگىل ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق توختىماي سۆزلەۋېرىپ ئوقۇغۇچىلاردىن دەرس مەزمۇنىنى ئۆلۈك ھالدا يادلىۋېلىشنىلا تەلەپ قىلسا، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا تارىخ ئوقۇتۇشى داۋامىدا، بولۇپمۇ قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىنى سۆزلىگەندە، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، تەبىئىي ھالدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغىلى ھەمدە ئۇلاردا ئېنىق تارىخىي ئۇقۇم شەكىللەندۈرۈشكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش ۋە دەرسنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. تارىخ دەرسىنى سۆزلەشتە ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلاردىن پايدىلانغاندا، پاكىتلارنى كونكرېت ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشكە ياردىمى

بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ قويىنىغا ئەمدىلا كىرگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ياكى چەت تىل سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، باشقا تىلدا يېزىلغان ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنالمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئوقۇتقۇچى مەلۇم بىر تارىخىي مەزگىلنى سۆزلىگەندە شۇ تارىخىي مەزگىلگە ئالاقىدار بولغان بەزى ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى قىستۇرۇپ سۆزلىشى كېرەك. مەسىلەن، قەدىمكى زامان يۇنان تارىخىنى سۆزلىگەندە، ئاساسلىقى، سپارتا بىلەن ئافىنادىن ئىبارەت بۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىككى شەھەر دۆلىتى سۆزلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا بۇ دەرسنىڭ مەزمۇنىنى جانلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە چەت ئەل ئىبارىلىرىنى قىستۇرۇپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئېيتايلۇق، «سپارتاچە جاۋاب» ۋە «سپارتاچە كوممۇنىزم» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئىبارىلەر ئارقىلىق سپارتالىقلارنىڭ مەدەنىي مائارىپقا ئېتىبار بەرمەي قورال كۈچىگە چوقۇنىدىغان، پەرزەنتلىرىدىن گەپنى ئەگىتمەي توغرىدىن توغرا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ۋە قۇلدارلار باشچىلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سەل قارايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ھەربىي تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشەندۈرگىلى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەدىمكى زامان يۇنان تارىخىغا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

2. تارىخ دەرسىنى سۆزلەشتە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈلسە، ئوقۇغۇچىلارغا بەزى ئابستراكت ئۇقۇملارنى ياكى قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ.

تارىخ دەرسىنى سۆزلەش داۋامىدا دائىم دېگۈدەك كۆپلىگەن ئابستراكت ئۇقۇم ۋە قىيىن مەسىلىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇقۇملارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق، كونكرېت قىلىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك، بولمىسا ئوقۇتۇش مەخسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىدىن كۆپرەك مېڭە ئىشلىتىش، دەرس مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردىمى تېگىدىغان بەزى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ئىبارىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى زاماندىكى ھىندىستاندا تەبىقە تۈزۈمىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە براھمان دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارغا تازا خوش يېقىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى بۇ مەسىلىنىڭ مەزمۇنى كۆپ ھەم مۇرەككەپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى. بۇنداق چاغدا بىز قەدىمكى زاماندىكى ھىندىستاننىڭ سانسكرىتچە يېزىلغان «رامايانا» ۋە «ماخاپخاراتا» قاتارلىق ئېپوسلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئۇزۇن ھەم مۇرەككەپ تارىخىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

3. تارىخ ئوقۇتۇشى داۋامىدا ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى مىسىر تارىخىنى سۆزلىگەندە، قەدىمكى پادىشاھلىقتىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى پادىشاھلىققىچە بولغان ئارىلىقتا بىر يېرىم ئەسىر (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2181 — 2040) ئۆتكەن. بۇ مەزگىلدە مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆز ئالدىغا يەر ئىگىلەپ زوراۋانلىق قىلغان. بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشقان. بۇنداق قالايمىقان ۋەزىيەتتە مىسىرنىڭ سۇ ئىنشائاتى تاشلىنىپ قالغان، ئۇدا بىرنەچچە يىلغىچە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن، قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ، سودا توختاپ قالغان، ئاۋام خەلق قاتتىق ئازاب، ئوقۇبەت ئىچىدە قېلىپ، كۈن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. مۇشۇ مەزگىلنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە دېھقانلار بىلەن قۇللار قوزغىلىڭى پارتلاپ، خۇددى يانار تاغدەك ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگەن. شۇڭا مىسىرنىڭ تارىخىدا «نېفېرلېفۇنىڭ بېشارىتى» ۋە «مۆتىۋەللى ئانخۇدنىڭ ئۆز قەلبى بىلەن قىلغان سۆھبىتى» گە ئوخشاش ئەسەرلەر مەيدانغا چىققان. بۇ ئەسەرلەردە ئەينى چاغدىكى مىسىر جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلاردىن تارتىپ ئاددىي ئەمگەكچى خەلققىچە بولغان ئەھۋاللار

ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى جانلىق ھەم ئوبرازلىق، ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى ئابزاس نەقىل كەلتۈرۈلسە، پۈتكۈل مەسىلىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

4. تارىختىكى بەزى نادىر ئەسەرلەر يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەن، شۇڭا ئۇلار تارىخىي ھادىسىلەرنى تېخىمۇ مەركەزلىك ۋە گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مۇنداق بولغاندا، بىزنى تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن تولۇق پايدىلىنىلسا ئوقۇغۇچىلارنى تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا بىرقەدەر چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىشتا ياردىمى تېگىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى كۆپ مەشھۇر ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن، «يۇنان پېرسىيە ئۇرۇشى» ئەنە شۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ھېرودوت «يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى» ناملىق كىتاب يازغان. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئۇرۇشنىڭ پەيدا بولۇشى، داۋام قىلىشى ۋە ئاياغلىشىشى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي يازغان. ئەگەر دەرس ئۆتكەندە بۇ ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈلسە، ئوقۇغۇچىلارنى شۇ دەۋردىكى تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى توغرىلىق خېلى چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە پەيدا بولغان، نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدىغان ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ئىبارىلەر ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ ئىبارىلەر دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەر بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تاۋلىنىپ - بېيىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى مۇجەسسەملەشكەن. ئىبارىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاجايىپ رىۋايەت ۋە گۈزەل ھېكايىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا، بەزىلىرى دەۋر ئېقىمىنى ۋە كىشىلىك دۇنيادىكى پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بەزىلىرى خەلقنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى ھەم ئەقىل - پاراستىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئەزگۈچىلەرنىڭ نادانلىقى بىلەن قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئاچچىق مەسخىرە ئاستىغا ئېلىپ قاتتىق قامچىلايدۇ. بىر قىسىم ئىبارىلەر مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە مۇرەككەپ قائىدىلەرنى ئېنىق، توغرا شەرھلەش جەھەتتە ئۈزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا، بۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ماتېرىياللارنى قانداق تاللاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش جەھەتتە تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئالدى بىلەن، تاللاپ ئىشلىتىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە چىنلىقىنى ئەستايىدىل ھەم ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيە بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك. پەقەت تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يەنىمۇ ئېلىگىرىلىگەن ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئەسەرلەردىن تارىخ دەرسلىكىدە قوشۇمچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئوقۇتۇشتا قانداق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانسا بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە قالايمىقان نەقىل كەلتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار بەك ئۇزۇن بولماسلىقى كېرەك. بەزىدە بىر - ئىككى جۈملە سۆز ئارقىلىقمۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، قانداق قىلىپ دۇنيا تارىخى دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشىمىزگە، تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل ۋە چارىلەرنى تېپىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تەھرىرى: كۈرەش مەھمۇتخان

# دۇنيادىكى مىللەتلەر

ئۆمەر مولla

| | | |
|---|---|---|
| 瓦帕雷人 | ۋاپارىلار | تانزانىيە |
| 瓦齐瓜人 | ۋازىگۇالار | تانزانىيە |
| 瓦乔奎人 | ۋاچوكۇيلار | ئانگولا |
| 瓦尧人 | ۋاياۋلار | مالاۋى، تانزانىيە |
| 瓦萨加拉人 | ۋاساگارالار | تانزانىيە |
| 瓦萨拉莫人 | ۋازارامولار | تانزانىيە |
| 瓦萨涅人 | ۋاسانىيلار | كېنىيە |
| 瓦斯特卡人 | خېۋستېكىلار | مېكسىكا |
| 瓦泰塔人 | ۋاتېيتالار | كېنىيە |
| 瓦维人 | خۋاۋېلار | مېكسىكا |
| 瓦希人 | ۋاھىلار | ئافغانىستان |
| 瓦耶耶人 | ۋايېيېلار | نامىبىيە |
| 瓦伊人 | ۋائىلار | لىبېرىيە، سىررالېئون |
| Wan | | |
| 万贝拉人 | ۋامبۇئېلار | زامبىيە |
| 万布圭人 | ۋامبۇگۇيلار | تانزانىيە |
| 万丹人 | ۋاندامىلار | ھىندونېزىيە |
| Wang | | |
| 汪达尔人 | ۋاندالىلار | ياۋروپا |
| 望加锡人 | ماكاسسارلار | ھىندونېزىيە |

| | | |
|---|---|---|
| **Wei** | | |
| 威尔士人 | ۋېللسلار | بۈيۈك بىرىتانىيە |
| 威尼斯人 | ۋېنېتسىئانلار | ئىتالىيە |
| 危地马拉人 | گۋاتېماللار | گۋاتېمالا |
| 维安多特人 | ۋېئاندوتلار | ئا ق ش |
| 维达人 | ۋېددالار | سىرىلانكا |
| 维尔京人 | ۋېرگىنلار | غەربىي ھىندىيە تاقىم ئاراللىرى |
| 维尔希克人 | ۋېرشىكلار | كەشمىر |
| 维斯拉人 | ۋېسلىيانلار | شەرقىي ياۋروپا |
| 维塔尔人 | ۋېتارلار | ھىندونېزىيە |
| 维托托人 | ۋېتوتولار | پېرۇ، كولۇمبىيە |
| 维吾尔人 | ئۇيغۇرلار | جۇڭگو |
| 维亚季奇人 | ۋېياتىچلار | ەرقىي ياۋروپا |
| 维伊人 | ۋېيىلار | لىبېرىيە |
| 委内瑞拉人 | ۋېنېسۇئېللار | ۋېنېسۇئېلا |
| 卫拉特人 | ئويراتلار | موڭغۇلىيە |
| **Wen** | | |
| 温德西人 | ۋېندېسلار | ھىندونېزىيە |
| 文德人 | ۋېندلار | شەرقىي ياۋروپا، گېرمانىيە |
| 文莱人 | برونېيلار | شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا |
| **Wo** | | |
| 沃德人 | ۋودلار | فىنلاندىيە |
| 渥太华人 | ئوتتاۋالار | كانادا |
| **Wong** | | |
| 翁布里亚人 | ئۇمبىرلار | ئىتالىيە |

Journal of Xinjiang University (Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)
No. 2. 1996 (Total: No. 66)

# Contents

On the Commercial action in the regional national autonomy of our country ······ Gu Hua Xiang
About the cooperative system of multiple—party in our country under the leadership of communist party ······ Osman. muhemmet
The moral education in Institutions of higher learning should occupy an important place and be carried out ······ Turhun. TuhtiAji
About the communist moralitys funetion in the work of political idea ······ Ablet. Muhemmet. Niyaz
The problems existed in the cooperative system of International penal used ······ Ahmet. Mamut
The Brief analysis on the wise and able figure in 《Qutad ghubilik》 ······ Yimit. Mehsut
About the Origin and formation of Xin Jiang ancient culture ······ Hairetjan. Osman
On the yiblayin. binni Yusup Hotani with his works 《birds sing》 ······ Ablimit. Ahet
The explorers set foot in Tashkurgan and account about it in history ······ Xerin. Kurban
The Discussion about the origin of the word 《bugur》 ······ Yunusjan. Eli
A talk about the theory of Turpan and its formation ······ Erkin. Erxidin
The Brief Piscussion on the idea of 《mexrep》······ Hurmetjan. Abdurahman
About the Ferdin Dynasty ······ Qiman. Nejmidin
Primarily discussion on the time that Abduhalik. Uighur begin to write ······ Anai Tulla. Kurban
About the Function of gesticulation in language communication ······ Ayxem. Abdulla
On the condition of consonant softened in Uighur language ······ Yari. Abaidulla
On the relationship betweem "two kinds of benefits" in the field of publishing ······ Tursun. Abdulla
About the usage of the english word 《would》and its expressions in Uighur language ······ Abdurexit. Yakup Umerjan. Kurban
The Discussion about the Family education's Function on the education of school ······ Gulzeper. Muhemmet
About the work of a teacher in charge of a class in Institution of higher learning ······ Dilbar. Nasir
On the Function of tales in the teaching of ancient history of world ······ Meryem. Tohti
The nationalities of the world ······ Umer Molla

主编：文克拜尔·侯赛因
副主编：克尤木·库尔班
本期责任编辑：康巴尔尼沙

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报
JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY
(哲学社会科学维文版)
季　刊
发行范围：公开发行

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»
تەھرىر بۆلۈمى
باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆسى
شىنجاڭ داشۆسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى
قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1005—5878 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى:
国内统一刊号：CN 65—1035/C مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 13—58
باھاسى: 2.00 يۈەن.

ISSN 1005-5878
07>
9 771005 587001